نەجىپ ھابلەمىتئوغلۇ

# ئىسمائىل غاسپىرالى

2014 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

**ئىسمائىل غاسپىرالى**

**(1851 ـ 1914)**

**قىرىملىق ئىدىئولوگ، مائارىپچى ۋە نەشرىياتچى**

**ئىسمائىل غاسپىرالى 1851 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قىرىم باغچە سارايغا يېقىن بولغان ئۆۋچى يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، دادىسى ـ مۇستاپا ئەلى ئوغلى گاسپىرىنسكىي، قىرىمنىڭ ساھىل بۆلىكىدىكى گاسپىرا يېزىسىدا تۇغۇلغان چار رۇسىيە ئارمىيسىنىڭ پىنسىيەگە چىققان گېنرالى، ئانىسى ـ فاتىمە سۇلتان خانىم بولسا نوپۇزلۇق بىر ۋەزىر ئائىلىسىنىڭ قىزى ئىدى. ئىسمائىل ئەپەندى مەھەللىسىدىكى بىر دىنىي مەكتەپتە باشلىغان ئوقۇشىنى، ئاق مەسجىد ئوغۇللار گىمنازىيىسىدە داۋاملاشتۇرغان. گىمنازىيەدىكى ئوقۇشىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاۋۋال ۋورونەژدىكى بىر ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن، كېيىن يەنە موسكوۋادىكى يەنە ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغان. ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇ موسكۋادا ئوقۇش جەريانىدا، دەۋرىنىڭ ئىلغار پىكىر ـ ئېقىملىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. ئەينى چاغدىكى ئۇنىڭدىكى جەمئىيەت مۇتەپەككۇرلىرىغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسى ۋە مەكتىۋىدىكى پانسلاۋىستىك «كەيپىيات»، ئۇنىڭدا رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تۈرك خەلقلىرىنى ئويغۇتۇش چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۈرگەن. گىرىت ئىسيانىدا رۇم قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭ قىلغان ئوسمانلى ئەسكەرلىرىگە قوشۇلۇپ، يېقىن دوستى لىتۋانىيە تاتارلىرىدىن مۇستاپا مىرزا داۋىدوۋىچ بىلەن بىرگە يوشۇرۇنچە تۈركىيەگە كىرمەكچى بولغىنىدا، ئودىسادا تۇتۇۋېلىنغان. چار روسىيەدىكى ھەربىي ئوقۇغۇچىلىق ھاياتى بۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشقان غاسپىرالى، 1868 ـ يىلى باغچە سارايغا قايتىپ بېرىپ، زەنجىرلى مەدرىسىدە رۇسچە دەرس بېرىشكە باشلىغان. بۇ جەريانىدا ئۇ رۇس ئەدەبىي ۋە پەلسەپۋى ئەسەرلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ چىققان. 1872 ـ يىلى قىرىمدىن ئايرىلىپ ئىستانبۇل، ۋىيانا، مىيۇنخىن ۋە ستۇتگارت ئارقىلىق پارىژغا بارغان. پارىژدا تۇرغان ئىككى يىل ئىچىدە مەشھۇر رۇس يازغۇچىسى تۇرگىنىۋنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ، نۇرغۇن تەجرىبە توپلىغان. 1874 ـ يىلى ئۆزۈندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدە خىزمەت قىلىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىستانبۇلغا بارغان. قايتا ـ قايتا ئىلتىماس يېزىپ، بىر يىلغا يېقىن كۈتكەن بولسىمۇ، قوبۇل قىلىنالمىغانلىقى تۈپەيلىدىن قىرىمغا قايتىپ كەتكەن.**

**1878 ـ يىلى باغچە ساراي رايۇنلۇق ھۆكۈمەت باشلىقى ياردەمچىسى قىلىپ سايلانغان ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، كېينكى يىلى رايۇنلۇق ھۆكۈمەت باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. ھەمدە 1884 ـ يىلغىچە بۇ ۋەزىپىنى ئىشلىگەن. غاسپىرالىنىڭ مەيلى قىرىمدا ياكى باشقا جايلاردا باشتىن كەچۈرگەنلىرى ئۇنى باشقا «ئويغۇ» ھالىتىدىكى قىرىم تاتارلىرىغا ئوخشمايدىغان تەجرىبە ۋە پىكىر ئېقىملىرىغا ئىگە قىلغان. ئۇ ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان مەسىللەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرىۋاتقان بولغاچقا، باشقا بىر ھاكىمىيەتنىڭ كونتروللىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان مىللەتنى ۋە دىنداشلىرىنى ئويغىتىش، ھەمدە ئۇلارنىڭ قەلب سادالىرىنى باشقىلارغا ھېس قىلدۇرۇش مەقسىتىدە نەشرىيات ساھەسىگە قەدەم قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1881 ـ يىلى ئاق مەسجىدتە نەشر قىلىنىدىغان Tavrida**

گېزىتىدە «رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى» تېمىسىدا كۆپ قىسىملىق رىسالە شەكلىدە ئەسەر ئېلان قىلغان.

غاسپىرالى ئۆز پىكىرلىرىنى باشقىلارغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن يەتكۈزۈش ئۈچۈن تۈركچە بىر نەشرىيات ئورگىنىنىڭ بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن. ئۇ بۇ يولدا رەسمىي مۇراجات ۋە ئىلتىماسلىرىنىڭ تەستىقلانماسلىقىغا قارىماستىن، تىفلىستە ئوخشىمىغان تېمىلاردا بەزى ماقالىلارنى ئېلان قىلغان. ئۇ بىر تەرەپتىن گېزىت چىقىرىش ئۈچۈن ئىجازەت ئېلىشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋولگا بويلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئارسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ مۇشتەرى توپلىغان. ھەمدە نەشر قىلىنىدىغان گېزىتنىڭ پۈتۈن بېتى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىش شەرتى بىلەن 1883 - يىلى تاتارچە بىر گېزىت نەشر قىلىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشكەن.  بۇ گېزىتنىڭ تۇنجى نۇسخىسى 1883 - يىلى 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «تەرجىمان» نامىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، ھەپتىدە بىر سان چىقىرىلغان. 1903 - يىلدىن باشلاپ ھەپتىدە ئىككى سان، 1912 - يىلدىن كېيىن كۈندە بىر سان نەشر قىلىنغان. «تەرجىمان» نامىدا نەشر قىلىنغان بۇ گېزىت قىرىم تاتارلىرىنىڭ تۇنجى تۈركچە گېزىتى، پۈتۈن روسىيە مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن تۈركچە نەشر قىلىنىدىغان ئۈچىنچى گېزىت بولۇپ قالغان. «تەرجىمان» ۋە باشقا بەزى ئەسەرلىرىنى قولاي بېسىپ تارقىتىش ئۈچۈن باغچە سارايدا ئەرەبچە يېزىقتا ماتىرىيال بېسىپ چىقالايدىغان باسمىخانا قۇرۇپ چىققان غاسپىرالى، دەسلەپتە گېزىت چىقىرىش ئىشلىرىنى ئۆزى يالغۇز ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىغا تايىنىپ يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر بولغان.

ئىسمائىل غاسپىرالى بۇرۇندىنلا كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن مائارىپ ئىسلاھات ھەركىتىنى، 1884 - يىلى باغچە سارايىنىڭ قايتاز ئاغا مەھەللىسىدە بىر باشلانغۇچ سەۋىيىدىكى مەكتەپ ئېچىش بىلەن باشلىغان بولۇپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ نورمال داۋاملىشىشى ئۈچۈن كېرەكلىك سەرمايىنى ئۆزى چىقارغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش، ئوقۇتۇش پىروگىراممىسى تەييارلاش، ئوقۇتۇش قوراللىرىنى تەييارلاش ۋە دەرسلىك كىتاپلىرىنىڭ بېسىلىشى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالغان. ئوقۇتۇش تەشەببۇسىغا گۇمان بىلەن قاراۋاتقان باغچە ساراي خەلقىگە يېڭىچە مەكتەپنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن قىرىق كۈندە تۈركچە ساۋات چىقىرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. «ئۇسۇلى ساۋتىيىيە» ئىسمى بىلەن ئاتالغان ئوقۇتۇش مىتودىنى قوللىنىش ئارقىلىق قىرىق كۈندىن كېيىن پۈتۈن خەلقنىڭ شاھىتلىقىدا بارلىق ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتاھان ئېلىپ، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى خەلققە تونۇتقان. ئۇنىڭ بۇ تۇنجى سىنىقى، يېڭىچە ئوقۇتۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، كېيىنچە روسىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان پۈتۈن مۇسۇلمان مەكتەپلىرگە نىسبەتەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ تۇنجى قەدىمى بولغان. «"ئۇسۇلى جەدىد»» نامى بىلەن ئاتىغان بۇ ئوقۇتۇش سىستېمىسى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ، شۇ دەۋرنىڭ ئاساسلىق ئوقۇتۇش شەكلىگە ئايلانغان. بۇ سەۋەپتىن 1917 - يىلغىچە رۇسىيەدە بۇ خىل ئوقۇتۇش سىستىمىسى قوللىنىلغان مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەنلەر « جەدىتچىلەر » دەپ ئاتالغان.

«ئۇسۇلى جەدىد»نى يولغا قويۇش جەريانىدا، يەنى 1880 - يىللىرى غاسپىرالى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن، ھەمدە روسىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان رايۇنلارغا كۆپ قېتىم بېرىش ئارقىلىق ئۇسۇلى - جەدىدنى تارقىتىشقا تىرىشقان.

تۈركلەر ياشاۋاتقان رايونلاردا ئاستا ـ ئاستا تارقىلىشقا باشلىغان «تەرجىمان» گېزىتى، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. تۇنجى «ئۇسۇلى جەدىد» مەكتىۋى ئېچىلىپ ئارىدىن ئون يىل ئۆتمەستىنلا، تۈركلەر ياشاۋاتقان رايونلاردىن غاسپىرالىنى قوللايدىغانلار مەيدانغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلغار پىكىرلىك موللىلار، مۇئەللىملەر، ھۈنەرۋەنلەر ۋە مۇسۇلمان بايلار بار ئىدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىدىل بويى تاتارلىرىدىن ھۈسەيىنوفلار، ئاپانايلار، ئاقچۇرالارغا ئوخشاش باي تىجارەتچىلەرنىڭ، تاغزادەگە ئوخشاش كاۋكازىيەلىك نېفىت سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇسۇلمان بايلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئۇسۇلى ـ جەدىد مەكتەپلىرى تېزلا كېڭەيگەن. بۇ خىلدىكى مەكتەپلەر ناھايىتى تېزلا ئىدىل بويى، كاۋكاز ۋە قىرىمدا يېزا ـ قىشلاقلارغىچە كېڭىيىپ بارغان. 1895 ـ يىلى پۈتۈن روسىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رايونلاردا ئۇسۇلى ـ جەدىد مەكتەپلىرىنىڭ سانى 100دىن ئاشقان بولۇپ، 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە سانى كۆپىيىپ 5000 غا يېقىنلاشقان.

غاسپىرالى مۇسۇلمان تۈرك قىزلىرىنىڭمۇ تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، 1893 ـ يىلى باغچە سارايدا تۇنجى «ئۇسۇلى جەدىد» قىزلار مەكتىۋىنى ئاچىسى پەمبە خانىم بولاتكوۋاغا ئاچقۇزغان. بۇنىڭ بىلەن باشقا رايونلاردىمۇ بۇ خىل مەكتەپلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلغان. غاسپىرالى مەدرىسلەرنىمۇ «ئۇسۇلى جەدىد»نىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى سىنىپلىرىغا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن دەرس پىروگىراممىلىرىنى تۈزۈپ چىققان. ئەمما مەدرىسلەرنى باشقۇرۇۋاتقان مۇتەئەسسىپلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقى ۋە ئۇنىڭ بۇ ئىش ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت ئاجرىتالمىغانلىقى تۈپەيلىدىن مەدرىسلەرنى ئىسلاھ قىلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان. غاسپىرالىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسى پائالىيەتلىرى، ئەينى ۋاقىتتا رۇسىيەدە تۈرك مىللەتچىلىكى ۋە ئىسلام ھەركەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشكە تۈرتكە بولغان.

1905 ـ يىلى باھاردا رۇسىيەنىڭ كۆپ جايلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن پارتىلىغان قارشىلىق ھەركەتلىرى، چارII نىكولاينىڭ ۋاقىتلىق ئەركىنلىك سىياستىنى يولغا قويۇشىغا سەۋەپ بولغان. ئۆزۈنددىن بۇيان سىياسىي بېسىم ئاستىدا ياشاپ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي، مىللىي ۋە دىني كۈچلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ ئاكتىپ ھالەتكە كەلگەن. غاسپىرالى بۇ خىل ھالەتتىن پايدىلىنىپ، مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان رايونلاردا تەشكىلاتلارنى قۇرۇشقا كۈچ چىقارغان. رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىر يەرگە توپلىشىپ سۆھبەت قۇرۇشى چەكلەنگەنلىكتىن، نىژنى نوۋگورودا بىر كېمىنى ساياھەت كېمىسىگە ئوخشاش بېزەپ، 1905 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يوشۇرۇن سۆھبەت ئۆيۈشتۇرۇپ، تۇنجى رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ چىققان. غاسپىرالى بۇ ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن ۋە ھەر قايسى ساھەلەردە تەشكىلات قۇرۇش قارارى ئىلان قىلىنغان. 1905 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاق مەسجىدتە توپلانغان پۈتۈن قىرىم مۇسۇلمانلىرى ئۇيۇشمىسىنىڭ يىغىنىغا يەنە غاسپىرالى يېتەكچىلىك قىلغان. 1906 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پۈتۈن رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ 2 ـ قېتىملىق يىغىنى سانىت پېتىربورىگدا ئېچىلغان. غاسپىرالىنىڭ باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ خىل سىياسي پائالىيەتلەرنىڭ نەتىجىسىدە، 1906 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئېچىلغان رۇسىيە دۆلەت قۇرۇلتىيىغا مۇسۇلمانلار تەشكىلاتىدىن 25 كىشى قاتناشقان. ئىككى ئايدىن كېيىن چاررۇسىيەنىڭ

دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەنلا 8 ـ ئايدا رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىدىن 800 ۋەكىل قاتناشقان رەسمىي يوسۇندىكى 3 ـ قېتىملىق ئۇيۇشما يىغىنى ئېچىلغان بولۇپ، سىياسىي پارتىيە ماھىيىتىدىكى مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇش قارار قىلىنغان. ئۇيۇشمىنىڭ پىروگراممىسىدا، غاسپىرالى يىللاردىن بۇيان مەنپەئەتلىرىنى قوغداشقا تىرىشقان رۇسىيەدىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ مائارىپ سېستېمىسىنى بىرلەشتۈرۈش، مەيلى قىز ياكى ئوغۇل بولسۇن بارلىق مۇسۇلمان بالىلىرىغا نىسبەتەن باشلانغۇچ مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويۇش، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشى، ئوقۇتۇش تىلىنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇلغان ئوسمانلى تۈركچىسى بولۇشقا ئوخشاش ئىلغار پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

غاسپىرالى 1905 ـ يىلىدىكى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئاساسىدا، رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ بېكىچە ھەق ـ ھوقۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، مىللىي ئويغىنىش ھەركەتلىرىنى قانات يايدۇرالايدىغانلىقىغا نىسبەتەن كۈچلۈك ئۈمۈتكە تولغان. ئىنقىلاپنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئۇ ئىلگىركى «تەرجىمان»نىڭ رۇسچىگە تەرجىمە قىلىنىش شەرتلىرىنى بىكار قىلىپ، ئىلگىرى يېپىق بىر شەكىلدە ئىپادە قىلغان پىكىرلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىغان. ئۇنىڭغا نىسبەتەن يېڭى شارائىتتا قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىش بار بولۇپ، كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم ئېھتىيات بىلەن قانۇنى يوللار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان.

1905 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاپتىن كېيىنكى يىللاردا، غاسپىرالىنىڭ يېڭى شارائىت ۋە نىسپىي ئەركىنلىك ھوقۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغانلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. 1905 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا باغچە سارايدا تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان Nisvan Alem ـ i ، پەقەت قىرىم تاتارلىرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ تارىخىدىكى تۇنجى ئاياللار ژورنىلى بولۇپ قالغان. ئەپسۇس بۇ ژورنال غاسپىرالىنىڭ باشچىلىقىدا، ئۇنىڭ قىزى شەپىقەنىڭ كۈچ چىقىرىشى ئاستىدا بىر يىللا بېسىپ تارقىتىلغان. رۇسىيەدىكى تۈركلەرنىڭ تۇنجى بالىلار ژورنىلى Alem ـ i Sıbyan مۇ «تەرجىمان»نىڭ ئىلاۋىسى سۈپىتىدە تۇنجى قېتىم 1906 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ، 1915 ـ يىلىغا قەدەر ئۈزلۈكسىز بولمىغان ھالەتتە تارقىتىلغان. تۇنجى سانى 1906 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان يۇمۇرلار ژورنىلى Ha Ha Ha ،مەزمۇن جەھەتتىن قىزىقارلىق بولسىمۇ، بەش سان نەشر قىلىنىپ ئۈزۈلۈپ قالغان.

1907 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن رۇسىيەدە ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ يۈرگۈزۈلىشى ۋە رۇسىيە تېررىتورىيەسىدە ھۆررىيەت ھاۋاسىنىڭ يوقىلىشى قاتارلىق ناچار ئەھۋاللار غاسپىرالىنى ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك پائالىيەتلەرنى رۇسىيە سىرتىدا ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر قىلغان. ئۇنىڭ بۇ خىل شارائىتتا يېڭى پىلانلىرىدىن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى، قاھىرەدە دۇنيا مۇسۇلمانلىرى يىغىنى ئېچىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدۇر. ئۇ بۇ ھەقتىكى تۇنجى قەدىمىنى 1907 ـ يىلى 9 ـ ئايدا «تەرجىمان»دا ماقالە ئېلان قىلىش بىلەن باسقان. ئۇ بۇ ماقالىسىدا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قانداق بىر يېرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا دىندىكىلەرگە نىسبەتەن كېيىن قالغانلىقى، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى، بۇ مەسىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا

مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك بىر يەرگە توپلىنىشىپ مۇلاھىزە قىلىشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. مۇسۇلمان دۇنياسىدا غۇلغۇلا قوزغىغان بۇ ماقالىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشىدىن كېيىن، 1907 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1908 ـ يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، قىرىم بىلەن مىسىر ئارىسىدا ئۈچ قېتىملىق سەپەرنى تاماملىغان غاسپىرالى، ئوسمانلى ھاكىمىيىتىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. ئۇ مىسىرغا قىلغان ئاخىرقى قېتىملىق سەپىرىدە، ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى ، ھەم ئىتتىپاق قۇرۇش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى تونۇتۇش مەقسىتىدە، en ـ Nehda تېمىسىدا ئەرەپچە جەمئىي ئۈچ سان گېزىت چىقارغان. دەسلەپتە مىسىردىكى ھەر قايسى مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىتتىپاق قۇرۇش ئىستەكلىرىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى تۈپەيلىدىن، بۇ ئىتتىپاقتا كىمنىڭ باشچىلىق قىلىشى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش كېلىپ چىققان.

ئىتتىپاق قۇرۇش تەسەۋۋۇرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى، يەنى 1908 ـ يىلى ئوسمانلى دۆلىتىدە II ـ ئاساسىي قانۇنىنىڭ ئېلان قىلىنىشى، غاسپىرالىغا ئوسمانلى ھاكىمىيىتىنىڭ ئىلگىرىكى رېجىملىرىنىڭ بىكار قىلىنىشى بىلەن ئۆلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشەنچىسىنى ئاتا قىلغان. دېگەندەك يېڭى ئاساسىي قانۇن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ بىر يىلغىچە ئوسمانلى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق ژورنىلى Sırat ـ ı Müstakım ، غاسپىرالىنىڭ لايىھەسى بويىچە چىقىرىلىپ، ئىتتىپاق يىغىنىنىڭ قاھىردە ئەمەس، ئىستانبۇلدا ئېچىلىشى ھەققىدە پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق قۇرۇش ھەققىدىكى قىزغىنلىق تۆۋەنلەپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇ مەسىللەر ئوسمانلى ھۆكۈمىتىنىڭ مەتبۇئاتلىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ نەزىرىدىن ساقىت قىلىنغان.

ئىتتىپاق قۇرۇش ھەققىدىكى بۇ خىل مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان تەشەببۇستىن كېيىن، غاسپىرالى ئىسلاھاتنى ئىسلام دۇنياسىنىڭ تۈرك بولمىغان رايونلىرىدىمۇ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئاخىرقى تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ «ئۇسۇلى جەدىد»نى ، دۇنيادا مۇسۇلمان نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان ھىندىستانغا تارقىتىش ئۈچۈن 1912 ـ يىلى 2 ـ ئايدا بومبايغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى مەھەللىۋى مۇسۇلمان تەشكىلاتى بولغان Encümen ـ i İslamiyye ۋە مەھەللە قازىلىرى بىلەن ئۇچراشقان. يەنە ئوسمانلى ھاكىمىيىتىنىڭ ئەلچىخانىسىنىمۇ زىيارەت قىلغان. قەدەم باسقانلا يەردە كۈچلۈك قارشى ئېلىشقا ئېرىشكەن غاسپىرالى، Encümen ـ i İslamiyye نىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە مەقسىدىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەمدە بومبايدا بىر «ئۇسۇلى جەدىد» مەكتىۋىنى قۇرۇپ، «قىرىق كۈندە ساۋات چىقىرىش» مېتودىنى يولغا قويغان. بۇ ئىشلارنى تاماملىغاندىن كېيىن، ھىندىستاندىن ئايرىلغان غاسپىرالىنىڭ بۇ تەشەببۇسلىرىنىڭ قانداق نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات بولمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ پىلانلىرىنىڭ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى قىياس قىلىنماقتا.

II ـ ئاساسىي قانۇنىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن شەكىللەنگەن يېڭىچە ۋەزىيەت، غاسپىرالىنىڭ ئىستانبۇلدا ئاكتىپ پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرغان. مەيدانغا كەلگەن يېڭى شارائىتلارنى تۈرك مىللەتچىلىكى ۋە ئىسلاھات ئىدىيىلىرىنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن ئۈيغۇن دەپ

قارىغان غاسپىرالى، 1908 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا **Jön Türkler** بىلەنمۇ مۇناسىۋەت ئورناتقان بولۇپ، تۈركىيەدىكى ئىلغار پىكىرلىك شەخسلەر ئارسىدا يۇكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. بولۇپمۇ 1908 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈركىيەدە شەكىللىنىشكە باشلىغان ئىسلامچىلىق، غەرپچىلىك ۋە تۈرك مىللەتچىلىكىگە ئوخشاش پىكىر ئېقىملىرى ئەۋج ئالغان بولۇپ، بۇ مەزگىللەردە تۈركىيەدىكى ئىلغار پىكىرلىك شەخسلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلىغان غاسپىرالى، ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنىدىغان گېزىت ـ ژورناللاردا ھەر خىل تېمىدا ماقاللارنى ئىلان قىلغان، ھەمدە تۈرك ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇشقا قاتناشقان. 1911 ـ يىلى تەشكىللەنگەن تۈرك يۇرتى جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلىشى ۋە ئۇنىڭ تەشۋىقات ۋاستىسى بولغان **Türk Yurdu** ژورنىلىنىڭ چىقىرلىشىدا غاسپىرالىنىڭ رولى چوڭ بولغان. ئۇلار 1912 ـ يىلى ھۆكۈمەتنىڭ بېشىدا بولغان ئىتتىپاقداشلارنىڭ مىللەتچىلەر قىسمى تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنغان دائىمىي ھەيئەتلەرنى ئىتراپ قىلمىغان.

بۇ خىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا سالامەتلىكى بارغانسېرى ناچارلاشقان غاسپىرالى 1914 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى باغچەسارايدا ۋاپات بولغان. جىنازا نامىزىغا روسىيەنىڭ ھەر قايسى رايۇنلىرىدىن كەلگەن 6000 دىن ئارتۇق مۇسۇلمان قاتناشقان، تاۋۇتى باغچە سارايدىكى قىرىم خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ھاجى گىراي خاننىڭ مەقبەرىسىگە يېقىن جايغا دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ ۋاپاتى پۈتۈن تۈرك دۇنياسىغا نىسبەتەن چوڭ بىر يوقۇتۇش دەپ قارىلىپ، رۇسىيەدە ۋە تۈركىيەدە چىقىرىلىدىغان مەتبۇئاتلاردا بىر قانچە ئاي ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان. غاسپىرالىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە «تەرجىمان»نىڭ باش تەھرىرلىكىنى ھەسەن سابىرى ئايىۋازوۋ داۋاملاشتۇرغان. غاسپىرالىنىڭ مازىرى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە قىرىم تاتارلىرى تەرىپىدىن زىيارەت قىلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، 1944 ـ يىلىدىكى قىرىم تاتارلىرىنىڭ پۈتۈن مىللەت بويىچە يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىشىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىلان قىلغان نۇرغۇن ماقالە ـ ئەسەرلىرى ۋە ئابىدىلىرىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. 1990 ـ يىلى قايتىدىن قىرىمغا قايتقان تاتارلار، غاسپىرالىنىڭ مازىرىنىڭ ئورنىنى مۆلچەرلەپ يېڭىدىن تاش ئابىدە تىكلىگەن.

**غاسپىرالىنىڭ ئىلغار ئىدىيلىرى.** ئۇنىڭ قارىشىچە، مائارىپ ھەممىدىن ئاۋۋال ئانا تىلىنىڭ ئوقۇتۇلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرلىشى، ھەمدە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە پەننى بىلىملەرنى ئۆگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇسۇلى ـ جەدىد ئوقۇتۇش مىتودىدا ئوقۇتۇش ۋاقتى ۋە ئوقۇغۇچى سانى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن. باشلانغۇچ سىنىپلاردا ئوقۇتۇش ۋاقتى ئىككى يىلدىن ئاشمايدىغان بولۇپ، بىر مۇئەللىم بىر قېتىمدا 30 ياكى 40 ئوقۇغۇچىغا دەرس بەرگەن. بىر كۈندە ھەر بىر دەرس سائىتى 45 مىنۇت ئەتراپىدا جەمئىي بەش سائەت، ھەپتىدە بولسا ئالتە كۈن دەرس ئۆتۈلگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرىش چەكلەنگەن. ئىلگىركى ئىمتىھان ئېلىنمايدىغان ئوقۇتۇش سېستېمىسىنىڭ ئورنىغا ، ئايدا ۋە مەۋسۇمدا بىر قېتىم ئىمتىھان ئېلىنىدىغان، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھان نەتىجىلىرى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تۈزۈم يولغا قويۇلغان. يېڭى ئوقۇتۇش تۈزۈمىدە ئوقۇتۇش مۇھىتىنىڭ پاكىز بولۇشىغا ۋە ئوقۇتۇش قۇراللىرىنىڭمۇ تولۇق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىدىمۇ خېلى ئۆزگەرتىشلەر ئېلىپ بېرىلغان. يەنى، بىرىنچى يىللىقتا تۈركچە ساۋات چىقىرىش بىلەن بىرگە، ماتېماتىكا، ئېلىپبە، قۇرئان

ئوقۇش ۋە ئىسلام ئاساسلىرىنى ئۆگىتىش، ئىككىنچى يىللىقتا بولسا جۇغراپىيە، تارىخ، ئىسلام ۋە دۆلەت تارىخىدىن دەسلەپكى ساۋات، تەبىئەت قاتارلىق پەنلەرنى ئوقۇتۇش يولغا قويۇلغان. بۇ دەرسلەرنى ئوقۇتۇشتا قوللىنىلدىغان دەرسلىك كىتاپ بولمىغانلىقتىن، پۈتۈن ئۇسۇلى ـ جەدىد مەكتەپلىرىدە قوللىنىش ئۈچۈن دەرسلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى Hace ـ i sıbyan نامى بىلەن غاسپىرالى ئۆزى تۈزۈپ چىققان ۋە باسمىخانىسىدا بېسىپ تارقاتقان(باغچە سارايi 1884 ـ يىلى).

«ئۇسۇلى جەدىد»نىڭ قوبۇل قىلىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشى، دەسلەپتە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن. يەنى، كونا ئوقۇتۇش مېتودى «ئۇسۇلى ـ قەدىم»نى قوللىنىپ كېلىۋاتقان مۇتەئەسسىپ موللىلار ۋە شەخسلەر، ئۇسۇلى ـ جەدىدنىڭ خەلق ئارىسدا تارقىلىشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى چىققان. بۇنىڭ بىلەن خەلق ئارىسدا «ئۇسۇلى جەدىد»نى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تېخمۇ جاسارەتلىك بولۇش زۆرۈرىيتى تۇغۇلغان. يەنە بىر تەرەپتىن «ئۇسۇلى جەدىد» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ دەرس ئۆتەلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرىدىغان شارائىتمۇ يوق بولۇپ، غاسپىرالى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، «ئۇسۇلى جەدىد»كە قىزىقىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرىنى باغچە سارايغا تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ، ئۇلارنى ھەقسىز تەربىيلىگەن، تەربىيلەش تاماملانغاندىن كىيىن ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرغان.

پۈتۈن بۇ تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدا غاسپىرالى ئۆز پىكىرلىرى ۋە پائالىيەتلىرىگە قارشى چىققانلار بىلەن كۆرەش ھالىتىدە ھاياتىنى داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، مۇسۇلمان جامائەتلىرى ئىچىدىكى مۇتەئەسسىپ كىشىلەر، غاسپىرالىنى خەلقنى دىنىدىن يىراقلاشتۇردى دەپ ئەيىپلىسە، ھۆكۈمەتتە خىزمەت قىلىۋاتقان نۇپۇزلۇق رۇس خادىملار، پانئىسلامىزىم ۋە پانتۈركىزىمنى تەشۋىق قىلىپ روسىيەنى پارچىلاشقا ئۇرۇندى دەپ ئەيىپلىگەن. « رۇسلاشتۇرۇش »نىڭ رەسمىي يوسۇندا دۆلەت سىياستى قىلىپ بەلگىلىنىشى ۋە ھۆكۈمەت ئىچىدىكى رۇس بولمىغانلارغا نىسبەتەن ئايرىمچىلىق سىياسەتلىرى يولغا قويۇلىۋاتقان ئۇ دەۋىردە، مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىڭ مىللىتىگە قارىماستىن بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئورتاق بىر تىلغا ۋە ئورتاق مىللى كىملىككە ئىگە قىلىش، چېچىلاڭغۇ ھالەتتىكى جامائەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بۇ خىل سىياسىي پائالىيەتلەر رۇس ھۆكۈمىتىنى ئەندىشىگە سالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

غاسپىرالى خەلق ئىچىدىكى تەسىرى كۈچلۈك بولغان ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بىرىشتا موھىم رول ئوينىغان دىنىي زاتلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەشكىلات قۇرۇشى ئۈچۈن لاھىيە تۈزۈپ چىققان . ئۇنىڭ قارىشىچە بۇ لاھىيە بويىچە ئىش كۆرگەندە ، ئىجتمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاجىز بولغان بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ ياخشىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا بولاتتى. غاسپىرالى پۈتۈن روسيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان بۇ بۈيۈك لاھىيەسىنىڭ تۈنجى قەدىمىنى بېسىشتا ، پۈتۈن تەشەببۇسلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىغا ئوخشاش ، قىرىمدا ئۆزى باشچىلىق قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىپ يەتكەن. ئەمما ئەينى چاغدىكى قىرىم تاتارلىرى ۋە باشقا تۈرك خەلقلىرىنىڭ بۇ تەشەببۇسلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ھەر تەرەپتىن قوللاشقا كۈچى يەتمىگەنلىكى سەۋەبىدىن غاسپىرالى بۇ لاھىيەسىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان .بۇلاردىن باشقا غاسپىرالى يەنە تولىمۇ موھىم

ئىجتىمائىي رول ئوينىغان بولۇپ، خەلق ئىچىدە مىللىي مائارىپنىڭ كېڭەيتىلىشىدە چوڭ رول ئوينايدىغان خەيىر-ساخاۋەت جەمئىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنىمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغان. 1905 ـ يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ باشچىلىقىدا قىرىمنىڭ نۇرغۇن شەھەر ۋە يېزىلىرىدا ئىسلامىي خەير ـ ساخاۋەت جەمئىيەتلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، ھەممىسى جەدىتچى مىللىي ئىسلاھاتنى ئاساس قىلغان قىرىم تاتارلىرى ئارىسىدا مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بىردىنبىر قانۇنىي تەشكىلات دەپ قارالغان. بۇ ئىجتىمائىي ياردەم جەمئىيەتلىرى ، «ئۇسۇلى جەدىد» ئىپتىدائىي مەكتەپلىرىنىڭ قىرىمدا كېڭەيتىلىشىگە ياردەم بېرىپلا قالماي، قىرىمدا تۇنجى قېتىم ئوتتۇرا سەۋىيەدىكى مۇسۇلمان مەكتەپلىرىنى ئاچقان.

غاسپىرالىنىڭ مائارىپقا قوشقان تۆھپىلىرىنىڭ ئىچىدە، يېڭىدىن قۇرۇلغان مۇسۇلمان ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە مىللىي روھ يېتىلدۈرىدىغان پىروگىراممىلارنىڭ يولغا قويۇلۇشى مۇھىم ئورۇن تۇتقان. يەنى ، بۇ مەكتەپلەردە پەننىي ۋە دىنىي بىلىملەر ئۆگىتىلگەندىن سىرت ئىسلام تارىخى، تۈرك تارىخى، ئوسمانلى تارىخى ۋە قىرىم تارىخى قاتارلىق دەرىسلەر ئۆتۈلىدىغان بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار تۈركىيەدىن تەكلىپ قىلىنغان. ئەمما بۇ مەكتەپلەرگە تۈركىيەدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىنىشىدىن ئەندىشە ھېس قىلغان رۇس ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن چەكلىمىگە ئۇچىرغان. ھۆكۈمەت سىرتىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ رۇسىيە دۆلەت ئىچىدە دىنىي مەكتەپلەردىن باشقا مەكتەپلەرنى ئېچىشىغا يول قويۇلماسلىق شەرتىگە ئاساسەن، بارلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەر تاقىۋېتىلىشكە بۇيرۇق قىلىنغان. 1910 ـ يىلىغا قەدەر غاسپىرالى باشچىلىقىدىكى قىرىمدىكى پۈتۈن تاتار مۇتەپەككۇرلىرى ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ خىل ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاقىۋېتىش ھەققىدىكى بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما رۇس ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى بىلەن بارلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەر تاقىتىۋېتىلگەن.

ئىنسانىيەت تارىخىدا «قىرغىنچىلىق دەۋرى» دەپ ئاتالغان 19 ـ ئەسىردە، «مىللەتلەر زىندانى»غا ئايلانغان چارروسىيەدە ياشاۋاتقان 30 مىليون تۈرك[1] خەلقى جاھالەت، قالاقلىق ۋە نامراتلىق ئىلكىدە، دۇنيادىن خەۋەرسىز ھالدا خۇددى ئەسىرلەرگە ئوخشاش ئازاپ ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ھايات كەچۈرمەكتە ئىدى.

18 ـ ئەسىرگە قەدەر ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا، كېيىن يەنە قىرىم خانلىقىغا باج تۆلەپ كېلىۋاتقان روس قەبىلىلىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە سىستېمىلىق ھالدا كېڭىيىپ، ئاستا ـ ئاستا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان تۈركىي خەلقلىرىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىپ، ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىغا قەدەر كېڭەيدى. رۇسلارنىڭ غەلىبە تارىخىغا نەزەر سالغاندا، مۇنداق ئىككى دەۋىر كۆزگە چېلىقىدۇ: توخۇ يۈرەك ئىۋاندىن تەلۋە پېتروغا قەدەر بولغان ئالدىنقى مەزگىللىرىدە روسلارنىڭ تۈركلەرگە قارشى دۈشمەنلىكىنىڭ ئىقتىسادى سەۋەبلىرى مۇنۇلار: تۈركلەرگە باج تۆلەشتىن قۇتۇلۇش، مۇمكىن بولسا بايلىقى مول بولغان تۈركىي خەلقلىرىنىڭ زېمىنلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئەسلىدىكى ناچار تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، تۇرمۇش سەۋىيەسىنى مەدەنىي بىر ھالەتكە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

ھەددىدىن ئاشقان چار پېترو بىلەن باشلانغان رۇس ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېڭىيىشىنىڭ سەۋەبلىرى، كېيىنكى مەزگىلدە ئىقتىسادىي سەۋەبلەردىن ئىدىئولوگىيەلىك سەۋەبلەرگە ئالماشقانلىقىنى كۆرىۋېلىش تەس ئەمەس. رۇس ھۆكۈمرانلىقىنى تونۇتقان تەلۋە پېترو ئۆلۈمىدىن كېيىنمۇ ھاكىمىيىتىنىڭ داۋاملىق كۈچىيىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر ئىستراتېگىيە ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. يەنى، كېيىنكى دەۋرلەردە «تەلۋە پېترونىڭ ۋەسىيەتنامىسى» دەپ ئاتالغان بۇ ئىستراتىگىيە، 19 ـ ئەسىردە «ئىسسىق دېڭىزلارغا شۇڭغۇش غايىسى» تەرىقىسىدە ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. مەزكۇر غايىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇنداق ئۈچ ئاساسلىق سەۋەب بار:

بىرىنچى سەۋەب، رۇس مىللىتى بولۇپ، ئۇلار ئەزەلدىن ھۆرلۈك ۋە مىللەت تۇيغۇسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان، زېمىنلارنىڭ ئېلىپ ـ سېتىلىشى بىلەن بىرگە كۆچۈپ يۈرىدىغان خەلقتىن ئىبارەت ئىدى. ھەم شۇنداقلا، رۇس مەدەنىيىتى ۋە ئاقسۆڭەكلىرى (ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغانلار) ئەسلىدىنلا بىر سلاۋ ئىرقچىلىرى ئىدى. ئۇلار رۇس خەلقىنىڭ مىللەت تۇيغۇسىنىڭ ئويغىنىشى ۋە پۈتۈن سلاۋ ئىرقىنى بىر بايراق ئاستىغا توپلاپ، تەلۋە پېترونىڭ ۋەسىيەتنامىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شوۋىنىزىم سلاۋچىلىرىدىن كاتىكوفلار، ئىلمىنىسكىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى، مىئاسكوۋىسكى، مىشەل فىرەنچەلدە، گىئورگى كىرژانىچ، ئىگناتىس گىرادىچ، سىپلەتلى كاۋانژىن، بېيلەنسكى، دانىلەۋىسكى، ئاكساكوفقا ئوخشاش تۈرك دۈشمەنلىرى سلاۋ ئىرقچىلىرىنىڭ يولىنى تۇتۇپ كەلگەن ئىدى.

ئىككىنچى سەۋەپ، چارلار ۋە بامونوف خاندانلىقى بولۇپ، چارلار تەلۋە پېترودىن كېيىن قانلىرى بۇزۇلۇپ، رۇس ئىكەنلىكلىرىدىن يىراقلاشقان ئىدى. تېگىدىن تۈركلەرگە دۈشمەن قىلىپ يېتىشتۈرۈلگەن چارلار خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل پانسلاۋىستلارنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالغانىدى، رۇسىيەدىكى غەيرى رۇس مىللەتلىرى بولسا جاھانگىرلىك سىياستى يولغا قويۇپ تۈركلەرنى ئۆز ئىشغالىيىتى ئاستىغا ئېلىش يولىنى تاللىغان ئىدى.

چار روسىيەنىڭ «ئىسسىق دېڭىزغا شۇڭغۇش غايىسى»گە نىسبەتەن توسقۇنلۇق دەپ قارالغان ئۈچىنچى مۇھىم ئامىل ـ رۇسىيەدىكى تۈركلەر ئىدى. رۇسىيەدە ياشىغان تۈركلەر گەرچە شۇنچىلىك

[1] -تۈركىي مىللەتلەر كۆزدە تۇتۇلدۇ. تۈركىيەدىكى بىر قىسىم ئىلىم ئەھلىلىرى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تۈرك دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

نامراتلىق ۋە قالاقلىق ئىچىدە ياشاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىدىن، دىنىي ئېتىقادلىرىدىن، قىسقىسى مەنىۋىي بايلىقلىرىدىن ھېچنەرسىنى يوقاتمىغان ئىدى. چارلار ۋە ھۆكۈمەتلىرى، روسىيەنىڭ بۇ ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت نەزەردە تۇتۇپ، تۈركلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن پائالىيەتلىرىدە ئۇلارنىڭ مەنىۋىي بايلىقلىرىنى يوقىتىش يولىنى تۇتۇپ كەلگەن ئىدى.

چار ۋە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بۇ ئىجتىمائىي ئەھۋالدا ۋە يەتكۈچە ئارقىدا قالغان ئوسمانلى ئىمپىراتۇرلۇقىنىڭ يىقىلىشىغا ماس ھالدا قوللىنىپ كەلگەن تاكتىكا ۋە ئىستىراتېگىيەلەرنىڭ تۈنجى باسقۇچى - روسىيەدە ياشىغان ۋە ھەر زامان ئاياق ئاستى قىلىنىشقا ئۇچراپ كېلىۋاتقان تۈركلەرنى ئۆزلىرىگە قارشى بىر تەھدىت ئېلىپ كېلەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈشتۇر. بۇ نوقتىدىن قارىغاندا،توخۇ يىرەك ئىۋاننىڭ قازان ۋە ئاستىراخاندا 200 مىڭ تۈركنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولغان كەڭ كۆلەملىك يوقىتىش ھەرىكىتى، كىرىملىنى ئىشغال قىلىۋالغان گېنېرال پوتەمكىنىنىڭ 30 مىڭ تۈركنى قەتلى قىلىشى، «تۈركىستان جاللىتى» گېنېرال كوپارتكىنىنىڭ ۋە باشقىلىرىنىڭ 100 مىڭلارچە تۈركنى ئۆلتۈرۈشى، شۇنداقلا مىليونلارچە تۈركلەرنىڭ ھاياتىنى مال- مۈلك ئورنىدا كۆرگەنلىكى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ.

«گىنوزىيىدە» قىيىن ئەھۋالدا قالغان رۇسىيە تۈركلىرى ئىچىدە ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەن بۇ خىل ۋەھشىي رۇس زۇلۇمى، تۈركلەردە مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان. رۇسىيەنىڭ تۈركلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىدا دەسلەپ كاۋكاسىيەدا شەيخ شامىلنىڭ، كېيىنكى مەزگىللەردە بولسا تۈركىستاندا شەيخ باھائەددىن ئىشانىنىڭ باشچىلىقىدا قوزغالغان تۈرك مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى، قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن رۇسىيە تۈركلىرى ئارىسىدا تارقالدى ۋە پۈتۈن چار روسىيە دائىرىسىگە كېڭەيدى. زامانىۋىلاشقان تېخنىكىلىق قوراللارغا قارشى ئاتا- بوۋىلىرىدىن قالغان مىلتىق، ئوقيا ۋە قىلىچلار بىلەن قارشى تۇرۇپ، تارىختا داستان ياراتقان رۇسىيە تۈركلىرى، چار ۋە ھۆكۈمەتلىرىگە قارشى تۈركلەرنىڭ زۇلۇم تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى، تۈركلەرگە قارشى زۇلۇملارنىڭ ئۇلارنىڭ مىللىي بىرلىكى ۋە باراۋەرلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدىغانلىقىنى قانلىرى بىلەن ئىسپاتلىغان.

رۇس چارلىرى ۋە ھۆكۈمەتلىرى رۇسىيە تۈركلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلىش بىلەن يوقىتالمايدىغانلىقلىرىنى بىلىپ يەتكىنىدە، تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، تۈركلەرگە قارشى تېخىمۇ يۇشۇرۇن سىياسەت قوللىنىشقا باشلىغان . قىسقىسى، «پارچىلاپ يۇتۇش» دەپ سىمۇۋۇللاشتۇرۇلۇپ ئاتالغان بۇ سىياسەتنىڭ نەتىجىسى، يۈزلەرچە تۈرك مىللەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەپچى بولدى.

تۈرك مىللەتلىرى - قازاق، ئازەرى، تۈركمەن، باشقۇرۇت، تاتار، قىرغىز، تاجىك، ياقۇت، ئۆزبېك، قارا قالپاق... قاتارلىق ئىسىملار بىلەن ئاتالغان خەلقلەرگە ئايرىلدى. چار روسىيە ھۆكۈمىتى بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، يەنە باشقا - باشقا مىللەت قىلىپ ئايرىۋېتىلگەن تۈرك مىللەتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەھەللىۋىي شېۋىلىرىنى ۋە ئەدەبىياتىنى تەرەققى قىلدۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان پۈتۈن تەدبىرلەرنى قوللاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەھەللىۋىي تىل ۋە ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى باھانە قىلىپ، ھەر بىر تۈرك تىلى شېۋىسىنى بىلىدىغان مىسسىيونېرلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇلار ئارقىلىق تۈرك تىلىغا رۇسچە سۆزلۈكلەر ۋە گىرامماتىكىلارنى كىرگۈزمەكچى بولدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان مىسسىيونېرلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى- ئىلمىنىسكىيدۇر. ئەينى

چاغدا قازان ئۇنىۋېرسىتېتى دىن فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ئىلمىنسكىينىڭ روسىيە مائارىپىنىڭ روسىيە تۈركلىرى مائارىپى سۆپىتىدە قوللىنىشتىن ئىبارەت مەدەنىيەت سىياستىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، ئۇنىڭ بۇ ساھەدە كەڭ بىلىم ۋە مول تەجرىبىگە ئىگە كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ بېرىدۇ.

ئىلمىنىسكىي رۇس ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمانلار مەكتەپلىرىنىڭ ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تۈركلەرگە بولغان تەسىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش ـ قىلماسلىقىنى مۇلاھىزە قىلدى، ئەگەر بۇ تەسىرلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلسا، بۇنىڭ نەتىجىسىدە تۈركلەر گەرچە روس دۆلىتىنىڭ ئىچىدە ياشىسىمۇ، ئۆز مەدەنىيىتىنى يەنىلا ساقلاپ قالالايتتى. شۇڭا ئەگەر بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۈركلەرنىڭ رۇس مەكتەپلىرىدە ئوقۇشىنى يولغا قويغاندا، ئۇلارنىڭ رۇس تىلىنى بىلمەسلىكى سەۋەبلىك بۇ خىل مائارىپ شەكلىنى قوللىنىشقا بولمايتتى. شۇڭلاشقا ئىلمىنىسكىي، رۇس ـ تۈرك مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلغان ۋە پەقەت يەتتە خىل پەن ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان. يەنى، بۇ مەكتەپلەرنىڭ تۆۋەن يىللىقىدىكى تۈرك ئوقۇغۇچىلار ئانا تىلىدا، تەرجىمە قىلىنغان روس مەدەنىيىتى دەرسلىكلىرىنى ئۆگىنىدىغان بولسا، يۇقىرى سىنىپلاردىكى ئوقۇغۇچىلار روس تىلىنى ئۆگىنەتتى. ئىلمىنىسكىي «مىللىتى روس بولمىغان مىللەتلەرنىڭ باشلانغۇچ مائارىپىنى ئانا تىلىدا ئېلىپ بېرىش، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە بولسا روس تىلى ۋە رۇس مەدىنىيىتىنى ئوقۇتۇش»نىڭ بىر ئاقىلانە چارە ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئىلمىنىسكىي يەنە ، يېڭى تۈرك ھەرپىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بولۇپ، تۈركچە سۆزلەر روس ھەرپلىرى بىلەن يېزىلاتتى. «ئىلمىنىسكىي ئېلىپبەسى»، «ئەرەپ يېزىقى ئېلىپبەسى»گە قارىغاندا تېخىمۇ قولاي بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ناھايىتى تېزلا قارشى ئېلىشقا ئېرىشتى.

ئىلمىنىسكىينىڭ قارىشىچە، «ئەرەب يېزىقى ئېلىپبەسى» قوللىنىلغىنىدا، تۈرك تىللىرى ئارىسىدىكى شېۋىلەرنىڭ پەرقلىرى كۆرۈلمەيتتى. بۇ تەرەپتىن «ئەرەب يېزىقى ئېلىپبەسى» بىرلەشتۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى. ئەمما«رۇس ئېلىپبەسى» فونېتىك يېزىققا يېقىن بولغانلىقتىن، ئەڭ كىچىك پەرقلەرمۇ ئىپادىلىنەتتى. بۇ نوقتىدىن قارىغاندا، تۈرك تىلى مۇمكىنقەدەر كىچىك شېۋىلەرگە بۆلۈنۈشى، بۇ كىچىك شېۋىلەردىمۇ رۇسچە سۆزلۈك ۋە گىراماتىكا قائىدىلىرى قوشۇلۇش ئارقىلىق پەرقلىق بىر تىل ھالىتىگە كەلتۈرلۈشى كېرەك ئىدى. مۇشۇنداق قىلغاندا رۇسىيەدە ياشىغان تۈركلەرنى رۇس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە «رۇس»لاشتۇرۇشقا بولاتتى.

ئىلمىسكىينىڭ رۇس تىلىنى ۋە مەدەنىيىتىنى غەيرى رۇس خەلقلىرى ئارىسىدا يېيىش مېتودى، كېينچە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنىڭ سىستېمىسىنىڭ ئاساس پىرىنسىپلىرىنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى غەيرى رۇس خەلقلەرنىڭ مەكتەپلىرىدە ئىلمىنىسكىينىڭ پىرۇگىرامىسىنىڭ ئاساسلىرى ۋە ئۇنىڭ ئېلىپبەسىنىڭ قوللىنىلىشىنى قوبۇل قىلغان. ئىلمىنىسكىينىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئاساسلىرى سىيقەسىت ۋە زوراۋانلىق ھېسابلانغان يۈز يىلدا رۇس مەدەنىيىتىنى كېڭەيتىش سىياستى ئۈچۈن قوللىنىلغان. بىراق ئىلمىنىسكىينىڭ بۇ مەدەنىيەت سىياستى تولۇق مۇۋەپپىقيەتلىك ئىشقا ئاشۇرىلالمىغان.

ئىلمىنىسكىي ۋە باشقا رۇس مىسسىيونېرلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك شىۋىلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل ۋە باي بولغان قازان شېۋىسىدىن، مەھەللىۋىي ئەدەبىياتلىرى بولمىغاندىن باشقا ھېچبىر ئەدەبى ژانىرى ۋە ئەسەرلىرىمۇ بولمىغان باشقۇرت ۋە قىرغىز شېۋىلىرىنى ئايرىپ چىقىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئىلمىنىسكىينىڭ ۋە باشقا رۇس مىسسيونېرلىرىنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا ئىشىنىپ قالغانلارمۇ بولغان. بۇلاردىن: «قازاق»مىللىتىنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشقان ئىبراھىم

ئالتۇنسارىن، «باشقۇرت» مىللىتىنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشقان دوكتۇر قۇلايەف ... قاتارلىقلار دېگۈدەك ئىلمىنىسكىينىڭ سىياسەتلىرىگە خىزمەت قىلغان كىشىلەردۇر. ئىلمىنىسكىي ۋە باشقا رۇس مىسسىيونىرلىرىدىن سىرت، بۇ سىياسەتكە ئاڭسىزلارچە خىزمەت قىلغان تۈركلەرمۇ بولغان، بولۇپمۇ بولشىۋىك ئىنقىلابىدىن كېيىن باشقۇرت تۈركلىرىنىڭ ئايرىمچىلىقنى تەشەببۇس قىلىپ ھەرىكەتكە ئۆتۈشى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ. ھەتتا بۇ تەشۋىقات ۋە سىياسەت نەتىجىسىدە باشقۇرت تۈركلىرى، قازان تۈركلىرى بىلەن بىرلىشىپ بىر جۇمھۇرىيەت قۇرۇشتىن ئۆزلىرىنى تارتقان. ئۇلار ئۆز ئىچىدە بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق بەرپا قىلالماسلىق بىلەن بىرگە، ئىدىل ـ ئۇرال ۋە ئىچكى سىبىرىيە تۈركلىرىنىڭ تەكرار رۇس ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئۆتۈشىگە ياردەم بەرگەن. مەلۇم بولغىنىدەك، ئىلمىنىسكىينىڭ پائالىيەتلىرى خېلى ئۇزۇن مەزگىللەردىن كېيىن ئاندىن نەتىجە بەرگەن.

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا چارلار ۋە ھۆكۈمەتلىرى، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياستىنى ئۆتمۈشتىكى بەزى تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ، نىشانىغا تېخىمۇ تېز يېتىش مەقسىتىدە ئىشەنچ بىلەن يەنىمۇ زىچ پىروگىراممىلارنى داۋاملاشتۇرۇش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلىپ يەتكەن. بۇلارنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە 1864 ـ يىلىدا ئوقۇش باشلىغان «رۇس ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپلىرى» ۋە قازان دىن فاكۇلتېتلىرى تۈركلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئىشىكىنى ئاچتى. رۇس ھۆكۈمىتى پۈتۈنلەي يامان مەقسەتلىك تەسىس قىلىنغان بۇ مەكتەپلەرگە تۈرلۈك شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەن. ئەمما مەھەللىۋى تۈرك مەكتەپلىرىنى ئىلگىرى بار بولغان ئازغىنە ياردەمدىنمۇ مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارنى تاقىۋېتىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن چارىلەرنى قوللانغان. رۇسىيە مائارىپىنىڭ مەقسىتى شۇكى، تۈركلەرنىڭ بالىلىرىنى ھېچبىر كىرىم مەنبەسى بولمىغان، ئوقۇتۇش سەۋىيىسىمۇ يوق دېيەرلىك بولغان بۇرۇنقى مەكتەپلەرگە زورلاش ئارقىلىق ئۇلارنى نادان قالدۇرۇش ياكى بولمىسا ئامالسىز قالدۇرۇپ رۇس مەكتەپلىرىگە كىرىشكە مەجبۇر قىلىپ، رۇس مائارىپى ئارقىلىق «رۇس»لاشتۇرۇش ئىدى. رۇس مىسسىيونېرلىرى مائارىپ ساھەسىدە تۈركلەرگە يولغا قويۇلىۋاتقان سىياسەتلەردىن تولىمۇ ئۈمىدلىك ئىدى. يەنى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تۈركلەرنىڭ بالىلىرى، ئۆزلىرى ئاچقان مەكتەپلەرگە ئۆزلۈكىدىن بارىدۇ ھەم قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا رۇس مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بولسا يۇرتلىرىغا قايتىپ مەكتەپلەردە رۇس مەدەنىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان بىر خىل ئەھۋالغا كېلەتتى. نەتىجىدە، ئۇلار تەربىيەلىگەن بالىلارمۇ رۇسچە مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوخشاشلا رۇس مەدەنىيىتىنى تامامەن قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكلىرىنى ئۇنتۇپ «رۇس» لىشاتتى.

رۇس مائارىپىنىڭ ۋە مىسسىيونېرلارنىڭ پۈتۈن پائالىيەت ۋە ئۈمىدلىرى قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە رۇسىيەدىكى تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىلدى. رۇسىيەدىكى تۈركلەر پەرزەنتلىرىنى تۈرك مەكتەپلىرىدە رۇس مەدەنىيىتى ۋە تەربىيەسىنى بەرگەن ئوقۇتقۇچىلارغا ئەمەس، بەلكى جاھالەت ۋە ساۋاتسىزلىقنى ئارانلا تۈگىتەلەيدىغان مەدرىسلەرگە بەردى. رۇسىيەدىكى تۈركلەرنىڭ بۇ قارارى، يوقسۇللۇق ۋە ناچار شارائىتلارغا قارىماستىن، مىللىي كىملىكلىرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغانلىقلىرىنىڭ ئىشارىتىدۇر. رۇسىيەدىكى تۈركلەر ئىچىدە بۇ خىل قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ ئورتاق نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئالاھىدىلىك «جاھالەت، قالاقلىق، ساۋاتسىزلىق، نادانلىق ۋە قارىغۇلارچە ئەگىشىش» ئىدى. ئەمما بۇ خىل ئەھۋال رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ تەقدىرىگە نىسبەتەن ئاز بولسىمۇ پايدىلىق رول ئوينىغان. رۇسىيە تۈركلىرى ئىچىدە خېلىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان روھانىيلار، ھەر بىر يېڭىلىققا قارشى چىققاندەك، بەزى رۇس ئىسلاھاتلىرىغىمۇ قارشى چىققان. پۈتۈنلەي سۈيقەست قىلىش مەقسىتىدىكى بۇ خىل رۇس سىياسەتلىرىنى قىسمەن بولسىمۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان. بۇ ئەھۋالنىڭ تەسىرى بىلەن رۇسىيە تۈركلىرى، ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش ۋە «رۇس»لىشىشتىن قۇتۇلۇپ قالدى. ھېچبىر قارشىلىققا قارىماستىن رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ بۈگۈنكى

ئەھۋالغا كېلەلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ، ئۇ نەزەر دائىرىسى تار بولغان روھانىيلار ئەمەس، بەلكى رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنىڭ بېرىچە تىرىشقان ساناقلىق بىر قانچە «تۈرك مىللەتچىسى» ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك.

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا رۇسىيەدىكى تۈركلەرنى قۇتقۇزۇش ۋە تۈرك مەدەنىيەت ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم رەھبەرلىرى: شەيخ باھائۇددىن ئىشان، قازانلىق شاھابىددىن مەرجانى، ھۈسەيىن فەيزانى، ئابدۇقەيييۇم ناسىرى، ھەسەن باي زەردابىغا ئوخشاش ئىلغار ئىدىيەلىك تۈركلەر ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە باھائۇددىن ئىشان رۇسىيە تۈركلىرى ئارىسىدا تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ۋە مۇرىتلىرى ئەڭ كۆپ بولغان ۋەيسى تەرىقىتىنىڭ شەيخى ئىدى.

ئۇ چاغلاردا ۋەيسى ۋە نەقشىبەندى تەرىقەتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەقستى ۋە پىرىنسىپى: رۇسىيە تۈركلىرىگە نىسبەتەن دىن بىلەن بىرلىكتە مىللەتچىلىكنى تەرغىپ قىلىش ۋە كاپىر رۇسلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇش ئىدى. باھائۇددىن ئىشان بۇ مۇقەددەس دەۋانىڭ يولباشچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، رۇسلار تەرىپىدىن «تەلۋە» دېيىلىپ، زىنداندا شەھىد قىلىنغان. بۇ جەرياندا رۇسىيەدىكى تۈرك مەتبۇئاتلىرى يوق دېگۈدەك دەرىجىدە ئاز ۋە ئاجىز ئىدى. پەقەت «ئىككىنچى»، «كەشكۈل»،«زىيا» دېگەندەك بىر قانچە گېزىت ۋە ژورناللار چالا ـ بۇلا تارقىتىلىشقا باشلىغان ئىدى. تولىمۇ مۆتىدىل ۋە ئېھتىياتچانلىقى بىلەن ئامىمنىڭ دىققىتىنى تارتقان بۇ گېزىت ۋە ژورناللار، پائالىيەتلىرى ۋە تەركىب تاپقان يېزىقلار جەھەتتىن رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ ساداسى بولۇشتىن تولىمۇ يىراق ئىدى.

بىر تەرەپتىن يوقسۇللۇق ۋە قالاقلىق، يەنە بىر تەرەپتىن مائارىپ ۋە مەتبۇئاتنىڭ يوقلۇقى، كەڭ كۆلەملىك سۈرگۈن قىلىش ۋە قىرغىنچىلىق قاتارلىقلار، ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى تېررىتورىيەسى بىلەن چېگرىداش بولغان رۇسىيەنىڭ تۈرك رايونلىرىدىن «ئاق تۇپراق»قا كۆچۈشكە سەۋەب بولغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، قىرىمدىن، كاۋكاسىيەدىن، ئەزەربەيجاندىن كۆچۈپ كەلگەن تۈركلەر سانىنىڭ مىليونلارچە بولۇشىغا ۋە كۆچۈش جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سانىنىڭ يۈز مىڭدىن ئېشىشىغا قارىماي، يەنە يۈز مىڭلارچە ئىنسان كۆچۈشكە تەييارلىنىۋاتاتتى.

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان كۆرۈنۈش:

سىبىرىيەنىڭ چەكسىز كەتكەن مۇزلۇق چۆللىرىدە كۆكلەرگە تاقاشقان دەرەخلەرگە ئوخشاش تاشلىۋېتىلگەن، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان يۈز مىڭلارچە تۈرك...

سىبىرىيەنىڭ چەكسىز كەتكەن مۇزلۇق چۆللىرىدە ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئانىسىنى، دادىسىنى ئىزدىگەن، ئاچ ـ يالىڭاچ قالغان بالىلار، ئائىلىسىدىكىلەرنى ئىزدىگەن بىچارە ئانىلار، دادىلار، كۆزلىرى ۋەتەن ھەسرىتى ياشلىرى بىلەن تولغان ھالدا جان بەرگەن مويسىپىتلەر، ئۈستى ـ ئۈستىلەپ بېسىۋېتىلگەن توڭلاپ كەتكەن جەسەتلەر، توڭلاپ كەتكەن كۆز ياشلىرى، پەقەت پەرياتلارنىڭ، نالىلەرنىڭ، يىغا ـ زارلارنىڭ ئەبەدىي داستانلىرىنى يازغان ئۇ ئېچىنىشلىق دىيارلار، قارا دېڭىزنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرىدا پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن كېمىلەردە دېڭىزغا غەرق بولۇپ كەتكەن ئون مىڭلارچە كۆچمەن، ئىپپەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلغان قىزلار، ئوققا تۇتۇلغان، زىندانلاردا ئۆلۈپ سېسىپ كەتكەن تۈركلەر، ئۆلۈم، ئاچلىق، سوغۇق، يوقسۇللۇق، قالاقلىق، كۆز ياشلىرى، قان، قايغۇ ـ ئەلەملەر ئىچىدە ھايات كەچۈرگەن بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسى.... پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىلىش مەقسەت قىلىنغان بىر مىللەتنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتى... تۈرك بولۇشنىڭ جازاسىنى تارتقان يارىلانغان، ئەسىرگە ئېلىنغان تۈركلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ھايات ھېكايىسى... بىر «قوياش»نىڭ چىقىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىۋاتقان بىگۇناھ

**ئىنسانلار...**

**قوياش... شۇنداق بىر «قوياش» ئىدىكى تۇراننىڭ ئۇپۇقلىرىدا چىقىشى كۈتۈلگەن. بۇ قوياش ئاخىرى 1851 ـ يىلىدا كىچىك قىرىمنىڭ ئاددىي بىر يېزىسىدا كۆتۈرۈلدى. ئۇ قوياشقا ئىسمائىل ئىسمى، «غاسپىرالى» لەقىمى بېرىلدى.**

**19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، تولىمۇ كەڭ دائىرىدە يېيىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى «بىرلىك» ۋە «ئىتتىپاقلىق» بەرپا قىلالمىغانلىقتىن بىر ـ بىرىدىن خەۋەرسىز ياشىغان تۈركىي خەلقلىرىنى «باشباشتاقلىق» ئىدىيىسىدىن، «بىر پۈتۈن تۈرك» قارىشىغا يۈكسەلدۈرگەن بۈيۈك بىر تۈرك مىللەتچىسى، 1851 ـ يىلى باغچە ساراي شەھرىگە يېقىن بىر يەردە بولغان ئۇۋچى يېزىسىدا دۇنياغا كەلدى. دادىسى مۇستافا ئەپەندى، غەسپىرا يېزىسىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن غاسپىرالى مەنىسىدە كېلىدىغان «غەسپىرىنسكىي» لەقىمىنى ئالدى. غاسپىرالى ئىسمايىل تېخى ئۈچ يېشىدىكى چېغىدا، مۇستافا ئەپەندى سىۋاستوپول ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن ئائىلىسىنى باغچەسارايغا كۆچۈرۈپ كەلگەن ئىدى. غاسپىرالى ئىسمائىل ئۆزىگە نىسبەتەن تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ شەھەردە ئون يېشىغا قەدەر ياشىدى. ساۋادىنى بۇ شەھەردە هاجى ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن چىقىرىپ، تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان دادىسىدىن مىللىي ھېكايە ۋە چۆچەكلەرنى ئاڭلىغان ئىدى. پاكىز كوچىلىرى، خانسارايلىرى، قىزغىن ئىنسانلىرى ۋە تەبىئىي گۈزەللىكلەرگە ئىگە باغچەساراي، ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ قەلبىگە شۇنچە تەسىر قىلغان ئىدىكى، جان ئۈزگەنگە قەدەر باغچەسارايدىن ئايرىلىپ باقمىدى.**

**ئون يېشىدا ئاق مەسجىد گىمنازىيىسىگە كىرگەن ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، ئىككى يىل بۇ مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، ۋارونەژ شەھىرىدىكى ھەربىي مەكتەپكە، ئۇ مەكتەپتىن يەنە ئالمىشىپ موسكۋا ھەربىي ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىرگەن. ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ ياشلىق ھاياتىدىكى مىللىي روھ موسكۋادا شەكىللەنگەن. ئۇ چاغلاردا موسكۋادا پانسلاۋىست ھەرىكەتلىرى پەۋقۇلئاددە كۈچىيىپ كەتكەن ئىدى. تۈركلەرگە قارشى پىلانلانغان بارلىق سۈيقەست پىلانلىرى بۇ شەھەردە پىلانلىنىپ، ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن پېتىربۇرگقا ئەۋەتىلەتتى. چار II ئالىكساندىر، روسىيەنى پانسلاۋىستلارنىڭ ئارزۇلىرى بويىچە باشقۇراتتى. ھەر يەردە بولغىنىغا ئوخشاش موسكۋادىمۇ خورلانغان تۈركلەر ھەققىدىكى سۆز ـ چۆچەكلەر غاسپىرالى ئىسمايىل ئەپەندىنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى قوزغىتىپ، «مىللەتچىلىك» تۇيغۇسىنى ئويغاتقان. يۈسۈف ئاقچۇرا «تۈرك يىلى» ناملىق كىتابىدا، « ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، تۇنجى مىللىي تۇيغۇ ۋە مىللىي ئاڭنى موسكۋادىكى چېغىدا تونۇپ يەتكەن» دەپ يازغان.[2] موسكۋانىڭ بۇ ئىجتىمائىي كەيپىياتى، ئوقۇغۇچى بولۇپ ياشاۋاتقان تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق رىشتىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىمۇ بۇ جەرياندا، ئەسلى قىرىم تۈركلىرىدىن بولغان، ئەمما لىتۋانىيەدە ياشىغان مۇستافا مىرزا داۋۇدوۋىچ بىلەن جاندوست بولغان.**

**ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ روھىدا ئويغانغان بۇ تۇنجى ئىسيان بورىنى، «موسكوۋىسكى ۋېدېموستى» گېزىتىنىڭ شوۋىنىزىم مۇھەررىرى پىروفېسسور مىخائىل ئىۋان كاتكوفنىڭ ئائىلىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن تۈرك مىللەتچىلىكىگە ئايلانغان.**

**بۇلار ئىسمائىل ئەپەندىگە ئۇنىڭدا ھەممە نەرسىدىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ تۈرك مىللەتچىلىك ھېس ـ تۇيغۇسىنى ئويغاتقان رۇس مەدەنىيىتىنى ۋە رۇس زىيالىلىرىنىڭ ئىدىئولوگىيەلىك ئېقىملىرىنى**

2 - Yusuf Akçura: Türk Yılı, s. 337,1928 Istanbul.

تونۇش ئۇچۇن پۇرسەت ياراتقان[3]. ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ ياش روھىدا تۈركلىك غورۇرى ۋە ئېڭىنىڭ تۇنجى ئويغىنىشى ئۇنىڭ ياشلىق ھاياجىنى بىلەن بىرلىشىپ، تېخى ئەمدىلا 16 يېشىدا تۈرك مىللىتى ئۈچۈن ئۆز جېنىنى ئاتايدىغان دەرىجىدىكى روھنى شەكىللەندۈرگەن. ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى 6 ـ سىنىپقا چىققىنىدا، مىخائىل ئۋان كاتكوفنىڭ گېزىتتە رۇم ئىسيانى مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركلەر ھەققىدە يازغان تەسىرلىك ماقالىلىرى، ئىسمائىل ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ سەپدىشى مۇستافا مىرزا داۋدوۋىچنى شۇنچىلىك ھاياجانلاندۇرغانكى، ئىككىسى تەتىلدە ئۆيلىرىگە قايتماي، گېزىتتە قەتلىئامغا ئۇچرىغان تۈركلەرگە ياردەم بېرىش قارارىغا كەلگەن.

ئىككى سەپداش يولغا چىقىپ، ۋولگا ۋە دون دەريالىرىدىن قېيىق بىلەن 45 كۈندە ئۆتۈپ قىرىمغا يېتىپ بارغان. ئۇ يەردىن يەنە ئودەسىياغا ئۆتكەن. ئودەسىيادا تۈركىيەگە قايتىدىغان بىر كىمىگە پاسپورتسىز چىققانلىقتىن تۇتۇۋېلىنىپ، ئائىلىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەن. [4] ھەمدۇللا سوپى تانرىۋەر ، ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ تۈرك مىللىتى ئۈچۈن تاشلىغان بۇ تۇنجى قەدىمىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «باللىقىدا تۈرك مىللىتى ئۈچۈن ئۆيىدىن قېچىپ، ۋولگا ئۈستىدە بىر قېيىقتا ئولتۇرۇپ ئىستانبۇلغا بارغانمىش. كىچىك ياش روھنىڭ تۈرك مىللىتىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن تاشلىغان بۇ قەدىمى، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلدى.»

تۈرك تارىخىدا ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ ياش ۋاقتىدا تۈرك مىللىتى ئۈچۈن كۆرسەتكەن بۇ پىداكارلىقى ئەبەدىي ياد ئېتىلىدۇ. كەلگۈسىنىڭ تۇران شائىرلىرى مىللىي شېئىرلىرىدا بۇ سەپەرنى مەغرۇرلۇق بىلەن خاتىرىلەيدۇ. رەسساملىرىمىز مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان باللىرىمىز ئۈچۈن، دادا قۇچاقلىرىدا كۆزلىرىنى ئاچقان پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىقىدۇ. كەلگۈسىدىكى ياش ئانىلار باللىرىغا بۇ سەپەرنىڭ ھېكايىسىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بېرىشىدۇ.»[5]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ بۇ ياشلىق چاغلىرى، تۈرك مىللىتىگە بولغان چوڭقۇر مېھرى ـ مۇھاببىتى ۋە ساپ ھېسسىياتى بىلەن تولغاندۇر. ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ ياشلىق دەۋرىدە، پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن قىلغان ھەرىكەتلىرى، ئۇنىڭغا كىچىك يېشىدىلا رۇسىيەگە ئوخشاش قويۇق بىر ھاكىممۇتلەقلىق تۈزۈمى ھۆكۈم سۈرىۋاتقان بىر دۆلەتتە «تەرجىمان»غا ئوخشاش بىر گېزىتنىڭ 35 يىلغا قەدەر ئۈزۈن بىر مۇددەتكىچە داۋاملىشىشى ئۈچۈن كېرەكلىك تەجرىبىگە ۋە تايانچقا ئېرىشتۈرگەن.

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ ياش روھىدا، ئېزىلىۋاتقان رۇسىيە تۈركلىرىگە ياردەم قىلىش ئارزۇسى كۈچلۈك بولغاچقا، موسكۋادا ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈش پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىنسانلار ئىچىدە تۇرۇپ ، ئۇلارغا خىزمەت قىلىشنى تاللىغان. 17 يېشىغا كەلگەندە، مەڭلى گىرەي خان قۇرغان كونا زەنجىرلىك مەدرىسىگە روسچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئۈچۈن كىرگەن ئىسمائىل ئەپەندى، بىر يىلدىن كېيىن مائاشى ئۆستۈرلۈپ يالتانىڭ دەرەكۆي مەكتىۋىگە يۆتكەلگەن. ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى ، 1871 ـ يىلىغىچە قەدەر داۋاملاشقان ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا ئوقۇغۇچىلىرىغا رۇسچىدىن بەكرەك كۆپىنچە تۈركچە ئۆگىتىشكە كۈچ سەرىپ قىلغان.[6]

---

[3] - Dr. Edige M. Kmmal: ismail Bey Gaspıralı. Dergi, s. 60, nu. 62, 1970 Münih.

[4] - Cafer Seydahmet Kırımer: Gaspıralı ismail Bey, s. 14.

[5] - Hamdullah Suphi Tannover; Ben Onu Gördüm. Türk Yurdu, nu. 12, cilt V, 1330.

[6] - Kırımer: Aynı eser, s. 15.

1871 ـ يىلىدا ، ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ تەكرار ئىستانبۇلغا بېرىش ۋە ئۇ يەردە تۈرك قوماندانى ياكى ھۆكۈمەت خادىمى بولۇش ئىستىكى قوزغالغان. ئەسلىدىمۇ تۈغقانلىرىدىن بىرى ئىستانبۇلدا ھۆكۈمەتتە ئىشلەيتتى. ئىسمائىل ئەپەندى ئىستانبۇلدا ياخشى بىر ھۆكۈمەت خادىمى بولۇش ئۈچۈن فىرانسوز تىلىنىمۇ پىششىق بىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھىس قىلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىستانبۇلغا پارىژ ئارقىلىق كېتىش، يەنى پارىژدا بىر مەزگىل تۇرۇپ فىرانسۇز تىلىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئاندىن ئىستانبۇلغا قايتىش قارارىغا كەلگەن.[7]

ئىسمائىل غاسپىرالى يېنىدا پۇلى ئاز بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ۋىياننا، مىيۇنخىن، ستۇتگارت قاتارلىق شەھەرلەرنى تېزلا بېسىپ، پارىژغا يېتىپ كەلگەن. شەرىقتىن كەلگەن بىر چەتئەللىك ئۈچۈن ئەمەس، يەرلىكلەر ئۈچۈنمۇ تولىمۇ جاپالىق ۋە مۇرەككەپ بولغان پارىژ ھاياتىدا ، تېخى ئەمدىلا 21 ـ 22يېشىغا قەدەم قويغان ئىسمائىل ئەپەندى ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىككى يىلنى ئاران ئۆتكۈزەلىگەن.[8] ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى ، بۇ جەرياندا ھەم ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش ، ھەمدە فىرانسۇز تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن پارىژدا ياشىغان مەشھۇر رۇس ئەدىبى تۇرگىنىفنىڭ يېنىدا كاتىپلىق ۋە بىر ئېلان شىركىتىدە تەرجىمانلىق قىلغان. ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ پارىژدا ياشاش جەريانىدا ، ئېرىشكەن ئەڭ چوڭ غەلىبىسى، غەرب تۇرمۇش مەدەنىيىتىنى مەيلى گۈزەللىك ياكى ناچار تەرەپتىن بولمىسۇن، ياخشى ياكى يامان تەرەپتىن بولمىسۇن، ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە ئۆگىنىش ۋە بۇ ھاياتنىڭ مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتلىرى بىلەن كۈرەش قىلىش بولدى.[9] ئىسمائىل ئەپەندى، پارىژدا 1874 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ياشىغان. پارىژدىكى چېغىدا ئېلىپ بارغان «ياۋرۇپا مەدەنىيىتى»گە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلىرىنى « ياۋرۇپا مەدەنىيىتىگە بىر نەزەر » ناملىق ئەسىرىدىن كۆرەلەيمىز. 29 بەت ئەتراپىدا بولۇشىغا قارىماي، مەزمۇن ۋە پىكىر تەرەپتىن تولىمۇ قىممەتلىك بولغان بۇ ئەسەر ئىستانبۇلدا بېسىلغان.[10] ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ ، ئۇ زامانلاردا پارىژدا بولغان « ياش ئوسمانىيلار» بىلەن تونۇشقىنىغا دائىر ھېچبىر مەلۇمات يوقتۇر.

1874 ـ يىلىدا ئىستانبۇلغا كەلگەن ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، تۈركچە ۋە رۇسچىدىن باشقا فىرانسۇزچىنىمۇ بىلەتتى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە، رۇسيەنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادى ئەھۋالىنىلا ئەمەس، بەلكى ياۋرۇپا مەدىنىيىتىنىمۇ ئىنچىكە چۈشىنىشكە مۇيەسسەر بولغان ئىسمائىل ئەپەندى، ئىستانبۇلدا بىر يىلغا يېقىن، تەرجىمان بولۇپ دۆلەت ئورگىنىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن تاغىسى خېلىل ئەپەندىنىڭ يېنىدا تۇرغان.

بۇ بىر يىل ئىچىدە ھەربىي قوماندان ياكى ھۆكۈمەت خادىمى بولۇش ئۈچۈن تىزىملاتمىغان بىرمۇ يېرى قالمىغان. ھەربىي مەكتەپلەردە رۇس تىلى ئوقۇتقۇچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئەمما بىكىتىلگەن مۇددەت توشماستىنلا مەكتەپتىن چىقىرىلغان. ھەتتا شۇ دەۋىردىكى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ۋەزىرى مەھمۇد نەدىم پاشا ، ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ بۇ تەكلىۋىنى رۇس ئەلچىسى ئىگناتىفقىمۇ يەتكۈزگەن. ئەمما ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ پۈتۈن بۇ تىرىشچانلىقلىرى نەتىجە بەرمىگەن. بۇ جەرياندا ، ئىستانبۇلدا جىمى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ باققان ئىسمائىل ئەپەندى، باشقۇرۇش مىخانىزىملىرىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئوسمان ھاكىمىيىتىگە ئائىت بولغان ۋە بولمىغان پۈتۈن سىياسەتلەرنى يېقىندىن كۆزىتىپ چىققان. مەملىكەتنىڭ سانائەت ۋە

---

[7] - Yusuf Akçura: Türk Yılı, s. 1928 istanbul.

[8] -Yusuf Akçura: Türk Yılı, s. 338,1928 istanbul.

[9] -يۇقىرىكى بىلەن ئوخشاش ئەسەر.

[10] - Cafer Seydahmet Kırımer: Gaspıralı ismail Bey, s. 19,1934 istanbul

تىجارەتلىرىنىڭ كىملەرنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى، ئوسمان دۆلىتىنىڭ كىملەر تەرىپىدىن باشقۇرىلىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن، ئۇ بۇ بىلىم ۋە تەجرىبىلىرى بىلەن 1875 ـ يىلى قىشتا قىرىمغا قايتىپ كەتكەن.

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ تۇنجى يېزىقچىلىقى ئىستانبۇلدا باشلانغان بولۇپ، موسكوۋا ۋە پېتىربورىگىنىڭ بەزى گېزىتلىرىدە ئىستانبۇلدا تۇرۇپ يازغان خىلمۇ ـ خىل ژانىرىدىكى يېرىم ھەقىقى، يېرىم خىيالى مەكتۇپلىرى بېسىلغان.[11]

1875 ـ يىلىدىن 1878 ـ يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىل جەريانىدا ، ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى ، مۇئەييەن بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولماستىن ، تۈرك مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، روسىيە تۈركلىرىنىڭ جەمئىيىتى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان مىللىي ھاياتقا دائىر تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللانغان. ئىسمائىل ئەپەندى ، ئىلمي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات قىلىش بىلەن ئۆتكەن يىللىرىدىكى پائالىيەت ۋە غايىلىرىنى «كۆن تۇغدى» ھېكايىسىدە ئىپادىلىگەن.[12]

1877 ـ يىلىدا دەرەكۆيدە (يېزا) ئۆيلۈك ـ چاغلىق بولغان ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ بۇ قېتىملىق نىكاھى، ئايالىنىڭ پىكىر سەۋىيىسىنىڭ ئۆزىنى چۈشىنەلىگۈدەك دەرىجىدە بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئاران ئىككى يىل داۋاملاشقان.

1878 ـ يىلىدا باغچەساراي رايۇنىنىڭ رەئىسلىكىگە تاللانغان ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى ، ياخشى نىيەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، ئەمما نۇرغۇن تەشەببۇسلىرى باشقا خىزمەتداشلىرى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان. ئىدارە باشلىقى بولغان مەزگىلىدە ، شەھەر كوچىلىرىغا چىراق ئاستۇرۇش، دوختۇرخانا قۇرۇش، ساۋاتسىزلار ئۈچۈن ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرى ئېچىشقا ئوخشاش پىلانلىرى، « رايۇندا يېتەرلىك ئىقتىساد يوقلىقى » باھانىسى بىلەن باشقا ئورگان ئەزالىرى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان. ئەمما ئىسمائىل ئەپەندى بۇلارغا پىسەنت قىلماستىن، پىلانلىرىنى پۇرسەت تېپىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ماڭغان. ئىسمائىل ئەپەندى ، تۈرك مەكتەپلىرىنى رىمونت قىلدۇرۇش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى بېرىش ۋە ئەقىللىق ئەمما نامرات بالىلارنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرىشى ئۈچۈن قىرىمنىڭ پۈتۈن شەھەر ـ يېزىلىرىدا «جەمئىيەت خەيىر ـ ساخاۋەت ئىشلىرى»نى يولغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار تۈركلەر تەرىپىدىن ئىئانە توپلاش ئارقىلىق ھەل قىلىنغان.[13]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ بۇ ياخشى تەشەببۇسلىرى، رۇسىيە تۈركلىرى ئىچىدە تۇنجى مىللىي ئويغۇنىشنى بارلىققا كەلتۈردى. رۇسىيەنىڭ ھەر تەرىپىدە قۇرۇلغان « جەمئىيەت خەيىر ـ ساخاۋەت ئىشلىرى» بىلەن رۇسىيە تۈركلىرى بىر ـ بىرلىرى بىلەن ياردەملىشىشنىڭ پايدىلىرىنى كۆردى. «جەمئىيەت خەيىر ـ ساخاۋەت ئىشلىرى» ئىچىدە، سۈرگۈن قىلىنغان تۈركلەرگە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە تۇرالغۇ جاي ھازىرلىنىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىش، سۈرگۈندە ئۆلۈپ كەتكەن تۈركلەرنى ئىسلامىيەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى بويىچە دەپنە قىلىش ، مىللىي گېزىت ۋە ژورناللارنى تارقىتىش، تۈركلەرنىڭ مويسىپىتلىرىنى كۈتۈۋېلىش، ھەمدە يىغىلىشقا تەشكىللەشكە ئوخشاش مۇھىم ئىشلار بار ئىدى.[14]

---

11 - Akçura: Aynı yerde, s. 339, Kırımer: Aynı yerde, s. 20.

12 - Cafer Seydahmet Kırımer: Aynı eser, s. 20.

13 - Türk Ansiklopedisi, s. 163, cilt. XVÜ.

14 - a) Abdullah Battal Taymas: Kazan Türkleri, T.K.A.E. 1966 Ankara.

ئىسمائىل ئەپەندى، 1879 ـ يىلىدا بىر گېزىت چىقىرىش ئۈچۈن چار ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس سۇندى. چار ھۆكۈمىتى بۇ ئىلتىماسنى سەۋەپسىزلا رەت قىلدى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن ئىسمائىل ئەپەندى بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلمىدى. 1881 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، «ياش موللا» تېمىسىدىكى ماقالىسىنى ۋە كېيىنچە « رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى» نامىدا كىتاپچە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان ماقالىلىرىنى «تاۋرىدا» گېزىتىدا قىسىملارغا بۆلۈپ ئېلان قىلدى.[15]

1881 ـ يىلى ئىسمائىل ئەپەندى ئۈچۈن تولىمۇ ئۇتۇقلۇق بىر يىل بولۇپ، ئۇ ئوخشاش بولمىغان نامىلار بىلەن ھەر ئايدا بىر سان چىقىدىغان رىسالە ئېلان قىلغان. « تونگۇچ، كەمەر، يۇلتۇز، قوياش، مىراتى جەدىت، شەپەق ...» قاتارلىق نامىلار بىلەن ئېلان قىلىنغان بۇ رىسالىلەر، ھەجىم جەھەتتىن ئايدا بىر نەشر قىلىنىدىغان ژورنالدىن پەرىقلەنمەيتتى.

ئون ئىككى كىتاپچە قىلىپ بېسىلغان بۇ رىسالىلەردىن «تۇنگۇچ» ئىسمىدىكى تۇنجى سەككىزى 1881 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تارقىتىلغان. بۇلاردىن ئىككىنچىسى « شەپەق» تىفلىستە، قالغانلىرى باغچەسارايدا بېسىلغان. بۇ رىسالىلەردە پۈتۈن تۈرك ـ ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلاندۇرۇلۇش زۆرۈرىيىتىنى تەشەببۇس قىلغان غاسپىرالى ، بۇ كىتاپچىلارنى ئەڭ ئاۋۋال قىرىم سىرتىدا ياشىغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تارقاتقان.

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى ، بۇ رىسالىلىرىدە ئاساسلىق قىلىپ، «تىل» ھەققىدە توختالغان. قوشۇمچە قىلىپ، تۈرك تىلىنىڭ باي بىر تىل ئىكەنلىكى، بۇ تىلدا نەشر بۇيۇملىرىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا رۇخسەت قىلىنىشى كېرەكلىكى، بۇ تىلغا باشقا تىلدىكى سۆزلۈكلەرنىڭ كىرگۈزۈلىشىنىڭ زىيىنى، تۈرك تىللىرى شېۋىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى پەرىقلەرنىڭ ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكى، تۈرك تىللىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردەكلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە توختالغان ئىسمائىل ئەپەندى، بۇ رىسالىلىرىنىڭ ئىككىنچىسى بولغان «تۇنگۇچ»نىڭ كىرىش سۆزىدە « تۈرك تىللىرىنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى»[16]نى تىلغا ئالغان.

1882 ـ يىلىدا ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، قازاننىڭ نوپۇزلۇق ئائىللىرىدىن بىرى بولغان ئاقچۇرالار جەمەتىنىڭ قىزى زۆھرە خانىم بىلەن ئۆيلەندى. زۆھرە خانىم، ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ تۇنجى ئايالىغا نىسبەتەن مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى، پىداكار ۋە كۆيۈمچان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. بۇ جەھەتتە ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ ئۇتۇق قازىنىشىدا، زۆھرە خانىمنىڭ تۆھپىسى چوڭ بولغان ئىدى. ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ زۆھرە خانىم بىلەن ئۆيلىنىشى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى بولغان ئىدى.[17] ئۇلارنىڭ بۇ تويى سەۋەپلىك، مەشھۇر قازانلىق تۈرك مىللەتچىسى

---

b) Müstecib Dlküsal: Dobruca ve Türkler. T.K.A.E. 1966 Ankara.
c) Fahrettin Erdogan: Türk Ellerinde Hatıralarım. 1954 Ankara.
d) Tahsin Aybar: Sibirya'dan Serendibe. 1950 Ankara.
e) Abdullah Battal TAynıas: Ben Bir I1k Anyordum. 1962 istanbul.
f) Osman Karabiber: Kmmh Bir Türk'ün Rusya'daki Maceralan. 1954 ist.
g) Cernal Kutay: Ana Vatan'da Son Be Osmanh Türkü. 1964 istanbul.
h) Abdullah Battal TAynıas: Rus ihtilalinden Hatiralar. 1968 istanbul,
i) Süleyman Tevfik Harputlu: Türkistan Hatırları. Hayat Tarih Dergisi, sayı. 3-4-5-6-7. 1971 istanbul.
j) Şevki VektOre: Volga KlZll Akarken, 1965 Ankara.

[15] - Cafer Seydahmet Kırımer: Gaspıralı ismail Bey. s. 23.

[16] - Osman Akçoraklı: Ismail Bey Gaspıralı'nın Yaratıcılığına Ait Belgeler. Okuv ileri Dergisi, nu. 2 Akmescit, 1925; Edige Kmmal: Ismail Bey Gasplfah, Dergi Sayı, 62,

[17] - Yusuf Akçura: Türk Yılı. s. 340.

**يۈسۈپ ئاكچۇرا بىلەن ئىسمائىل ئەپەندى ئۇرۇق ـ تۇغقان بولغان، ھەمدە ئۆز پىكىرلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان.**

## ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ كەچۈرمىشلىرى، كۆز قاراشلىرى ۋە ئىدىيىسى

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، يۇسۇپ ئاقچۇرانىڭ تەسۋىرلەپ ئۆتكىنىدەك « ئالاھىدە يارىتىلغان» بىر ئادەم ئىدى.[18] شۇڭا بۇ جەھەتتىن ئىسمائىل ئەپەندىنى چۈشىنىشتە، ئۇنىڭ ئاساسى كۆز ـ قاراشلىرىنى ۋە خاراكتېر ـ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم. رۇسىيە تۈركلىرى تارىخىنى ئۆز پائالىيەتلىرى بىلەن ئىككىگە بۆلگەن ۋە ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ مەيلى ئەقىل پاراسەت ياكى خاراكتېر خۇسۇسىيەت جەھەتتىن ئالاھىدە بىر ئىنسان ئىكەنلىكىگە كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ.[19]

تۈرك مىللىتىگە نىسبەتەن شۇنچە زور تۆھپە قوشقان ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۇنىڭ بىئوگرافىيەسىدە يېزىلغان «تەسۋىرلىگۈسىز بىر كۈچ ـ قۇۋۋەت، يۇقىرى تاكتىكا قابىلىيىتى، يۇقىرى ئەقىل پاراسەت، يۈكسەك ئەخلاق ۋە خاراكتېر ـ خۇسۇسىيەتكە ئىگە...» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق ھەقىقىي يوسۇندا ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ باشقا بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى «ئېھتىياتچان ۋە تەدبىرلىكلىكى»دۇر. ئۇنىڭ رۇسىيەگە ئوخشاش بىر فېئودال تۈزۈم ھۆكۈم سۈرىۋاتقان دۆلەتتە، «تەرجىمان»غا ئوخشاش بىر گېزىتنىڭ چىقىشىنى 35 يىلغىچە داۋاملاشتۇرالىغانلىقى، «ئۇسۇلى جەدىد»كە ئوخشاش مىللىي مەدەنىيەت روھى ۋە قوزغىلىشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشى ، پۈتۈن تۈركلەرنى « تىلدا، پىكىردە، ئىش ـ ھەركەتتە بىرلىككە كېلىش» شۇئارى بىلەن بىر بايراق ئاستىغا توپلىشىشقا چاقىرىشى ۋە چار ھۆكۈمىتىنىڭ بۇلارنى توسۇشتا چارىسىز قالغانلىقى، دەل ئۇنىڭ « ئېھتىياتچان ۋە تەدبىرلىك» ئىكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئىسمائىل ئەپەندى «دۈشمەن ھېچقاچان ئۇخلىمايدۇ» دېگەن سۆزنى ھېچقاچان ئەستىن چىقىرىپ باققان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ «دۈشمەن»نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى دەلىل ۋە پاكىتلار بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن «رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى» ناملىق ئەسىرىدە ناھايىتى تەمكىن بىر پوزىتسىيە قوللانغان. ئىسمائىل ئەپەندى يازغان ئەسەرلىرىدە، سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدىمۇ ئۆزىنى يوقاتماقچى بولغانلارغا پۇرسەت بەرمەسلىكنى  ئېسىدىن چىقارمىغان. ئۇ 1911 ـ يىلىدا، يۇسۇپ ئاقچۇراغا يازغان بىر پارچە خېتىدە مۇنداق دېگەن: « تۈرك دىيارلىرىدا چىققان «بۈيۈك مىللىي غايە ۋە تۈرك دۇنياسى»نى ناھايىتى دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. باشتا بىر ئاز قورققان ئىدىم. ئەمما سەن بىلىسەن مەن ئۇنداق قورقۇنچاقلاردىن ئەمەس. پەقەت قاف تېغى ئاشلىق ئېلىۋالمىغاندا ئۆتكىلى بولمايدىغان ھەيۋەتلىك بولغاچقا ، تەييارلىقسىز يولغا چىقمىسۇن دېدىم. »[20]

ئىسمائىل ئەپەندى، غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ، تەۋەككۇلچىلىك ۋە ھاياجان بىلەن ئىش قىلىش ئەمەس، بەلكى بەلگىلىك ئىدىيە بىلەن پىلانلىق ھەركەت قىلىشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. رۇسىيەدە پارتىلىغان 1905 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاپ، قىرىم ۋە قازاندا تۈرك ياشلىرىنى ھاياجانغا سالدى. بۇ ياشلارنىڭ ھەممىسى ئىنقىلاپ تەرەپدارى بولۇپ، رۇسىيە تۈركلىرىنىڭمۇ تېزراق مۇستەقىللىققا ئېرىشىشىنى ئۈمىت قىلىشاتتى. بۇ ئىنقىلاپچى ياشلار قازاندىكى «Tan» گېزىتى بىلەن قىرىمدىكى «Vatan Hadimi» گېزىتىدە، ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ مۇھىم رولىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ « ئېغىر ۋە مۆتىدىل» ھەركىتىنى تەنقىدلىدى. بولۇپمۇ «Tan»

---

[18] - Kırımer: Aynı eser, s. 25.

[19] -Yusuf Akçura: Aynı eser, s. 337.

[20] - Yusuf Akçura: Aynı eser, s. 337.

گېزىتى تولىمۇ قوپاللىق قىلىپ، ئىسمائىل ئەپەندىنى مۇتەئەسسىپلىك بىلەن ئەيىپلىمەكتە ئىدى.[21] ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى ، ئۆزىگە قىلىنغان بۇ ھۇجۇملىرىغا نىسبەتەن جاۋاپ ئورنىدا مۇنۇ شېئىرنى يازغان:

ئەگەر ئوقلىرىم نىشانغا تەككەن بولسا ئىدى ،
ئەگەر ئېتىم قوغلانمىغان بولسا ئىدى ،
چاپار ئىدى چوراباتىر.
ئوقلىرىم تەگمىدى نىشانىغا،
ئەگەر ئېتىممۇ چاپمىسا،
ئايىت سانچىلسۇن چوراباتىر.[22]

ئىسمائىل ئەپەندى، تاشقىن روھلۇق ئەمەس ئىدى. پىكىرلىرى ۋە ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىقىرىنى ئەكىس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما قىلىشقا بولىدىغان كىچىك نوقتىلارغىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئىسمائىل ئەپەندى، رۇس ئىدىئالىستلىرىنى دورىمىدى، ھەمدە قۇرۇق شۇئار توۋلاپ ئوتتۇرىغا چىقمىدى. بەلكى ئۇ غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ توغرا يوللىرىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ئىزدەندى. رۇس زىيالىلىرى بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا غايەت زور پەرق بار ئىدى، بىراق ئۇنىڭدا رۇس روھىنىڭ چوڭ تەسىرى بار ئىدى. ئىسمائىل ئەپەندى ئەلۋەتتە رۇس زىيالىلىرىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ باشقا جەمئىيەتنىڭ ، باشقا بىر ئانىنىڭ ۋە باشقا بىر روھتىكى خەلقنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئىسمائىل ئەپەندى جەمئىيەتتە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى، كەلگۈسىدە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ھېچقاچان ئېسىدىن چىقارمىدى. شۇ سەۋەپتىن باشقىلارنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.[23]

ئىسمائىل ئەپەندى تولىمۇ كەمتەر بىر كىشى بولۇپ، ئەزەلدىن مەغرۇرلانمايتتى، باي - كەمبەغەل دەپ ئايرىمايتتى. ئاز سۆزلەپ، كۆپ ئاڭلايتتى. نۇتۇقلىرىنى قىسقا ، ئەمما چۈشىنىشلىك سۆزلەيتتى. بولۇپمۇ 1905 - يىلىدىكى ئىنقىلاپتىن كېيىن، ياشلار ئۇنىڭ مەقسەتلىرىنى چۈشىنەلمىدى. ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ پىكىر ۋە پائالىيەتلىرىدە بىرەر خاتالىق كۆرەلمىگەن، ئەمما ئىنقىلاپ ھاياجىنى ياشلارنىڭ كۆزلىرىنى «كۆرمەس» قىلىپ قويغان ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ تەرەپدارى بولۇپ ئەتراپىدا، ھىسسىياتنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ ، ئىرادىسى بىلەن ھەركەت قىلىدىغان، پىكىرلىرى ئىلمىيلاشقان، ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە بىر گۇرۇپ كىشى قالغان ئىدى. خاتالاشقان بۇ ياشلارنىڭ ئىچىدە، قىرىمنىڭ تونۇلغان رەھبىرى ۋە جەمئىيەتشۇناس جەفەر سەيىد ئەخمەد قىرىميمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ خاتىرلىرىدىن مۇنۇ جۈمللەرنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ:

«ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ ماڭا بەرگەن تۇنجى تەسىرى، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تولىمۇ سەۋرلىكلىكى ئىدى. ئۇنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقىنى بىز بىر ئاز مەنمەنچىلىك دەپ چۈشىنىپ قاپتۇق. بىز بىلەن كۆپ گەپ قىلىشمىسا ، بىز بۇنى تەكەببۇرلۇقى دەپ چۈشەندۇق. ئىسمائىل ئەپەندى باشقىلارنىڭ ياقتۇرىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن بەكرەك، ئەمەلىي ئىش قىلىشنى ئويلايدىغان ئادەم

---

21 - Cafer Seydahmet Kırımer: Aynı eser, s. 28.

22 - Ursa: Vursa, Ozsaçapar: Ayt: soyle, nilesin: neylesin.

23 - Kırımer: Aynı eser, s. 40.

ئىدى. بىزگە نىسبەتەن قانداق قىلىش زۆرۈر بولسا، ئۇ شۇ ئىشنى قىلىشتىن خۇشاللىق تاپاتتى. بىز ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇنى چۈشىنىشتىن تولىمۇ يىراق ئىدۇق.»[24]

## ئۇنىڭ ئىنقىلابچى روھي

ئىسمائىل ئەپەندى پۈتۈن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ئەدەبى تىلنىڭ پىرۇگىرامىسىنىمۇ ئىشقا ئاشۇرغان بولۇپ، كېينچە مەكتەپلەرنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن تىرىشقان ، ھەمدە تۈرك مىللەتچىلىكىنىڭ نامىنى تىلغا ئالماي تۈرۈپمۇ تۈرۈپمۇ ئەڭ قويۇق ۋە ئەڭ مۇكەممەل ھالدا تۈرك مىللەتچىلىكىنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى.[25]

بەزىلەر «تەرجىمان»نىڭ 35 يىل چىققانلىقى ۋە رۇس ئاخباراتچىلىقى تۈپەيلىدىن توختىتىلىۋېتىلمەسلىكى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ ئىنقىلاپچى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇشتى. ئەگەر ئىنقىلاپچىلىق-ئاشكارا ھالدا چوڭ خەتەرلەرگە تەۋەككۈل قىلىش بولغىنىدا، ئىسمائىل ئەپەندى بىر ئىنقىلاپچى ھېساپلانمايتتى. ئەمما ئەگەر ئىنقىلاپچىلىق ـ نۆۋەتتىكى جەمئىيەت، مەدەنىيەت ۋە سىياسى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش بولغىنىدا، ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ بۇ ھەركەتلىرىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. رۇسيە تۈركلىرىنىڭ ھاياتىدا باشلانغان پۈتۈن مىللىي، مەدەنىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەر بىر سەھىپىسىدە تۈنجى ئىلھاملاندۇرۇش، تۈنجى ئىش ئەجەبا ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ باشلىشى بىلەن بولمىدىمۇ؟ بۇ ئىشلارنىڭ تولىمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەيدانغا كېلىشى يەنە ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ تەبرى بويىچە «خەلقىمىزنىڭ ئىلتىماسى»نى ئىسپات قىلسا، بۇ تۈنجى تەشەببۇسنىڭ تۈنجى

---

24 - Cafer Seydahmet Kırımer: Bazr Hatrralar. Emel. Sayr, 7, s. 41 Kasrm 1961 ist.

25 - Hüseyin Namık Orhun; Türkc;ülügün Tarihi s. 64, Berkalp Kitabevi, 1944 Ankara.

قوزغىتىشىنىڭ قىممىتى ئازىيىپ كېتەرمۇ ئەجەبا؟»[26]دېگەن جافەر سەيىد ئەخمەت قىرىمى، يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: « ئىسمائىل ئەپەندى ، پىكىرلىرىنى ئاددىيلا كىتاپ سەھىپىلىرىدە ئىلگىرى سۈرگەن ئىسلاھاتچى ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتكە، ھاياتىغا تەدبىقلاشقا تىرىشقان بىر ئىنقىلاپچى ئىدى. ئۇنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىشى ـ مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەتتە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش ئىدى. بۇ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ جاپالىق، ئەڭ ئەگرى ـ توقاي يولدا مېڭىشتىن قورقمىدى. ئۇنىڭ ئېھتىياتچانلىقى ۋە تاكتىكا قابىلىيىتى، جەمئىيەتنىڭ مەدەني ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلىش يولىدا باسقان ئىنقىلابى قەدەملىرىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇردى. ئۇنىڭ قالاقلىق ۋە قارىغۇلارچە ئەگىشىشكە نىسبەتەن يالغۇز ھالدا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشى ، قەلبىدىكى ئىنقىلاپ ئوتىنىڭ ئەڭ يۇكسەك بىر دەلىلىدۇر.»[27]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ ئىنقىلابىي روھىي تۈرك مىللىتىنىڭ مەنىۋى قىممەتلەرگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. بۇ تەرەپتىن بولشۋىك ئىسلاھاتچىلىرى بىلەن ئىنقىلاپ چۈشەنچىسى مەزمۇن جەھەتتىن دەل قارمۇ ـ قارشى ئىدى. ئىسمائىل ئەپەندى، زىيا كۆكئالىپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتكىنىدەك، «تۈرك مىللىتىدىن، غەيرى مەدەنىيەتتىن، ئىسلام ئۈممىتىدىن» تەسۋىرىگە تولىمۇ ماس كېلەتتى. ئۇ تۈرك مىللىتىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ، مىللىي سەنئىتىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى، پەقەت غەربكە ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا ۋە پەن بىلىملىرى جەھەتتە ئەگىشىش، قىسقىسى، تۈرك مىللىتىنىڭ چېكىنىپ كەتمەستىن ، مەدەني ياۋرۇپا دۆلەتلىرى سەۋىيەسىگە يېتىشىنى ئۈمىت قىلىدىغانلاردىن ئىدى. ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ بۇ كۆز قاراشلىرى ئۇنىڭ ئىنقىلاپچىلىقىغا نەقەدەر ماس كەلسە، بولشۋىكلارغا نىسبەتەن دەل ئەكسىچە ھېسابلىناتتى.

1905 ـ يىلى پۈتكۈل روسىيە ئىنقىلاپ ھاۋاسى بىلەن قاپلانغان چاغدا، ئىسمائىل ئەپەندىدىن ھېچبىر سادا چىقمىغان ئىدى. تۈرك ياشلىرى ئىنقىلاپ ھاياجانلىرى بىلەن كوچىلارغا چىقىشىپ، ھۆرلۈك ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىنقىلاپ ئۈچۈن كىچىك ـ كىچىك گۇرۇپپىلارنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ بۇ ئىنقىلاپقا قاتنىششى تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. چۈنكى ئۇ ياۋرۇپادا كۆرگەن زامانىۋى ھەربىي تېخنىكىلارغا نىسبەتەن ، قورال ـ ياراقتىن خەۋىرى يوق، بىر ـ بىرىدىن خەۋەرسىز ھالدا ياشاۋاتقان رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ ئىنقىلاپ ئۈچۈن ھېچبىر تەييارلىقىنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن ئىدى.

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ سىياسى كۆز ـ قاراشلىرى ۋە ئىدىيلىرى ئۆزگەرمەس بىر تاكتىكىغا، ئېھتىياتچانلىق ۋە سەۋرگە تايانغان ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇ 1905 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاپقا قاتناشمىغان ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، رۇسىيەدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىنقىلاپ تەييارلىقى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن ئىدى. مىللەتلەرنىڭ سىياسى ئۆزگىرىش ۋە كۈرەشلەرگە ئاتلىنىشىدىن ئاۋۋال كۈچلۈك سىياسىي تەربىيە ئېلىشى، بۇ جەھەتتە پىشىپ يېتىلىشى زۆرۈر ئىدى. ئەمما ئۇ بۇلارنى قەلبىدە سىر پېتى ساقلىغان كېلىۋاتقان ئىدى. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت تېخى يار بەرمەيتتى. 1927 ـ يىلىدىكى ئۆزگىرىشلەر بۈيۈك ئۇستازنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغان ئىدى.[28]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى كۆچ ـ قۇۋۋىتىنى مىللىتىنىڭ شانلىق تارىخىدىن ئالغان ئىدى. ھاياتىدا ھەر قانداق بىر كىشىگە قارىغاندا «تارىخىمىزغا قاراپ باقايلى» جۈملىسىنى ئەڭ كۆپ

[26] - Cafer Seydahmet Kırımer: Gaspıralı ismail Bey, s. 41.

[27] - Kırımer: Aynı eser, s. 40.

[28] - Av. Müstecip Ülküsal: Büyük Ögretmen. Emel sayı 67, s. l, Eylül 1961 ist.

تەكرارلىغان ئىسمائىل ئەپەندى مەرھۇمنىڭ روھى، ئەلۋەتتە بۇ پەرەز قىلىنغان نەتىجىلەرنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىنى ھېس قىلالىغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى.[29]

ئىسمائىل ئەپەندى ئۆزىنى تۈرك بولۇپ قالغانلىقى سەۋەپلىك تۆۋەن كۆرىدىغان قاراشلارغا قارشى ئىدى. جىمى دۈشمەنلىرىنىڭ، بولۇپمۇ رۇسلارنىڭ كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان « كېسەل ئادەملەر» تەبىرىدىن زېرىكىش ھېس قىلغان ئىسمائىل ئەپەندى، تۈرك مىللىتىگە ۋە تۈرك مىللىتىنىڭ قابىلىيىتىگە ھەم ھاياتى كۈچ ـ قۇدرىتىگە بولغان تەۋرەنمەس ئىرادىسى بىلەن « ئىشكەنجىلەر بۇزۇپ تاشلانسۇن، قاراڭلار نەقەدەر ساغلام ۋە خۇشچىراي بىر يىگىت بارلىققا كەلدى!» دەيدۇ ۋە تۈركلەرنىڭ مەدەنىي، سىياسىي ۋە سىياسى ھاياتىنى مۇساسىرىگە ئالغان كىشەنلەردىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن، ھەر دائىم ئويلىغانلىرىنى دادىللىق بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا تەشەببۇس قىلىپ كەلدى.[30] ئىسمائىل ئەپەندى، رۇسىيە تۈركلىرىگە «تۈرك» بولۇشنىڭ نۇمۇس ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە شانلىق بىر تارىخقا ئىگە بىر مىللەتنىڭ ئەۋلاتلىرى بولۇپ، «تۈرك» بولۇشنىڭ مىللىي غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىنىشقا تېگىشلىك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشقا تىرىشتى. بۇ ھەقتە يازغان ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «تۈركىستان ئۆلىماسى» ناملىق رىسالىسىدە، ئىلگىركى تۈركلەرنىڭ كۆز قاماشتۇرغۇچى ئىسىل مەدەنىيەتلىرىنى تەسۋىرلەپ، تارىختا ئۆتكەن تۈركلەرنىڭ مەشھۇرلىرىنى ۋە ئىلمىي ئۇتۇقلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا تىرىشقان. مەزكۇر رىسالىدە، ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزۈڭلارنى يالغۇز، يىگانە ۋە بىچارە ھېس قىلىپ، ئىلىم ۋە كامالەت مەيدانىدا ھېچبىر قىممەتكە ئىگە ئەمەس ھېس قىلماڭلار.»[31] ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ ماقالىلىرى ۋە ئەسەرلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە، ئۇ ئىپادىلەشكە تىرىشقان تارىخىي ئاڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي تۈرك مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ۋە غايىسىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.

تۈرك دۇنياسى يېتىشتۈرۈپ چىققان ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلاردىن بىرى بولغان ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ ھاياتى، تامامەن نۇرغۇنلىغان مەسىلەرنى ئىزاھلاش بىلەن ئۆتكەن. يەنى، تۈرك دۇنياسىنى قالاقلىق ۋە يوقسۇللۇقتىن قۇتقۇزۇپ، ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندۈرۈشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى تېپىش ، ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى بىردىنبىر غايىسى بولغان. ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى مۇنداق سورايدۇ: «نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ ئىشنى قەيەردىن باشلاش لازىم؟ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان مىللىي روھنى قانداق قىلغاندا قايتا يالقۇنلاتقىلى بولىدۇ؟ جاھالەت پەردىلىرىنى قانداق قىلغاندا يىرتىپ تاشلىغىلى بولىدۇ؟ چۈشكۈنلۈك ۋە غەپلەت ئۇيقۇسىغا پېتىپ قالغان بىر مىللەتنى قانداق قىلغاندا ئويغۇتۇشقا، روھنى ئۇرغۇتۇشقا بولىدۇ؟»[32]

«تۈرك ـ تاتارلارنىڭ تولىمۇ بىر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىغا، بۇنداق بىر جاھالەت ئىچىدە قېلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ تۈرك ـ تاتار مىللەتلىرىنى قانداق قىلغاندا يوقۇلۇپ كېتىشتىن قۇتقۇزۇپ قېلىشقا بولىدۇ؟»[33] غا ئوخشاش سۇئاللار ئۈستىدە باش قاتۇرغان ئىسمائىل ئەپەندى بۇ سۇئاللارغا جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

«مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىستىقبالى ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال مىللەتنىڭ ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. مىللەتنىڭ ئېڭىنى ئويغاتماي تۇرۇپ، مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئون بەش يىل ئىلگىرى ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالدىن باشقا ھېچنەرسە بىلمەيدىغان بىر ئاڭ ، بۈگۈنكى

---

[29] - Cafer Seydahmet Kırımer: Gaspıralı ismail Bey, s. 242, Emel. Sayı, 6 s. 11, Tem- muz 1971 istanbul.

[30] - Cafer Seydahmet Kırımer: Gaspıralı ismail Bey, s. 8, Emel sayı 65, s. 7, 1971 istan- bul.

[31] - Gaspıralı ismail Bey: Türkistan Uleması 1900 Akmescit, Kırımer; Aynı eser, s. 56.

[32] - Kırımer: Aynı eser, s. 8; Akçura; Türk yih s. 39; Gaspıralı; Gündogdu "Tercüman" No, 9 1906 Akmescit.

[33] - Akçura: Aynı eser, s. 339.

كۈندە ئۇمۇمنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇمۇمنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن مەشغۇل بولماقتا. ھازىرغىچە بولغان ئەڭ چوڭ تەرەققىياتىمىز بۇ بولسا كېرەك.»[34]

«مىللەتنىڭ ئېڭىنى ئويغۇتۇش، ئوي - پىكىرلىرنى يېڭىلاش لازىم. مىللەت ئېڭى ئويغانمىغىچە، مىللەت تەرەققىي قىلالمايدۇ. ئوي - پىكرى يېڭىلانمىغۇچە مەدەنىيەتلىشىش ۋە راۋاجلىنىشنىڭ توغرا يولىغا قەدەم باسالمايدۇ.»[35]

«مىللىتىنى قىزغىن سۆيمىگىچە ، مىللەتكە خىزمەت قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يېزا - قىشلاقلارغىچە، دەرۋىش ۋە ئۆلىمالارنىڭ يىغىلىشلىرىغا، بايلار ۋە ئاقساقاللارنىڭ زىياپەتلىرىگە، ھەتتا مەدرىسلەرگە قەدەر بېرىشقا، تۆرلۈك سۆھبەتلەردە بولۇشقا، كۆپ ئاڭلاپ ئاز سۆزلەپ ، ئەمەلىي ئىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مىللەتنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرۈپ يېتىپ، نۆۋەتتە نېمە قىلىشنىڭ ئەڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش لازىم...»

« ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ پۈتۈن ھاياتى يۇقارقى سۇئاللارغا جاۋاپ تېپىش ۋە ئۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن ئۆتتى. ئۇ تۈرك تارىخىدا بۇ غايە - ئىستەكلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. تۈركلەرنىڭ دىللىرىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، ئۇسۇلى جەدىد مەكتەپلىرىنى يولغا قويۇشنى بۇ مەقسەتتە ئوتتۇرىغا قويدى. مەدرىسلەرنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىنى بۇ مەقسەتتە ئىلگىرى سۈردى. «ئىجتىمائىي خەيىر - ساخاۋەت ئىشلىرى»نى بۇ مەقسەتتە قوزغۇزدى. »[36]

«ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ تارىخي ئوي - پىكىرلىرى بۇ ئۇلۇغ ۋە چوڭ مەسىللەرگە قارىتا ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا بەرگەن تارىخي جاۋابلىرىدۇر. ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ تارىخي ئىش - ئىزلىرى، ئۇ مەسىللەرگە قارىتا بەرگەن جاۋاپلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنىڭ تارىخي مۇساپىسىدۇر. »[37]

---

[34] - Kırımer; Aynı eser, s. 7; Emel. Sayı 65, s. 6,1971 istanbul.

[35] - Av. Nurettin Altug; Gaspıralı ismail Bey. Emel. Sayı 24, s. 18, Ekim 1964. istanbul.

[36] - Kırımer Aynı eser, s. 338

[37] - Akçura; Aynı eser, s. 340.

## ئىسمائىل ئەپەندى ۋە «غەربپەرەسلىكى»

ئىسمائىل ئەپەندى، ھەقىقەتەن بىر «غەربپەرەس» ئىدى. مەشھۇر تۈركولوگ پىروفېسسور لاسلو راسونىي ، ئۇنىڭ تۈنجى غەربچىلىك روھىنى پارىژدا ئۆگەنگەنلىرىدىن ۋە ھايات سەرگۈزەشتىلىرىدىن، ھەمدە ئۇ يەردىن تۈركىي خەلقلىرىنى ياۋروپالىقلار بىلەن ئوخشاش سەۋىيەگە يەتكۈزۈش ئويى بىلەن يۇرتىغا قايىتقانلىقلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، دەپ يازغان.[38] ئىسمائىل ئەپەندى پۈتكۈل تۈرك دۇنياسىدا ئاساسلىقى شىمال ۋە شەرق تۈركلىرىدە غەربلىشىشنىڭ بىر تەشۋىقاتچىسى بولدى. ئۇ شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، تۈركلەر مىللەت تىللىرىنى يوقىتىۋەتمەسلىك شەرتى بىلەن غەربلەشسە، تۈرك مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قالغىلى بولاتتى.[39]

رۇسلارمۇ ئىسمائىل ئەپەندىنى «غەربپەرەس» دەپ قاراشقان ئىدى. ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ يېقىن سەبدىشى قازانلىق يۈسۈپ ئاقچۇرا مۇنداق دەيدۇ:

« ئىسمايىل ئەپەندىنى روسلارنىڭ تەبىر بەرگىنىدەك، تىپىك بىر «غەربچى»دېيەلەيمىز. ئىسمائىل ئەپەندى ئادىمىيلىكنى بۈگۈنكىدەك ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزگەن مەدەنىيەتنىڭ غەرب مەدەنىيىتى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇ تۈركلەرنىڭ ، مۇسۇلمانلارنىڭ مىللىي ۋە دىنىي كىملىكلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا غەربلىششىنى ئۈمىت قىلاتتى. سۆزلىرىدە ۋە ئىش-ھەركەتلىرىدە بۇ مەقسىتى ناھايىتى ئاسانلا كۆزگە چېلىقىدۇ. پۈتكۈل كۈچىنى مىللەتنىڭ ئالاھىدە مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن سەرىپ قىلغان.»[40]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، رۇسىيە تۈركلىرى ئۈچۈن ئۆز مىللىي مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى قوغداپ قېلىش ئاساسىدا، ياۋرۇپا مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئاكتىپ تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئەمما بۇنداق قىلىشتىكى ئەڭ چوڭ توسقۇنلۇقنىڭ رۇس ھۆكۈمىتى

[38] - Prof. Laszlo Rasonyi: Tarihte Türklük T.K.A.E. s. 275 1971 Ankara.

[39] - Yusuf Akura, Türk yılı s. 341

[40] - Yusuf Akçura: Muallime Dair. Türk Yurdu Cilt V 1330 sayı, 12.

ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولۇپ، بۇ توسقۇنلۇقلارنى يېڭىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1) مىللىي مەكتەپلەرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە سانىنى كۆپەيتىش.
2) مىللىي مائارىپ مۇئەسسەلىرىنى ياخشىلاشقا كېتىدىغان ماددىي ياردەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن«جەمئىيەت خەيىر ـ ساخاۋەت ئىشلىرى»نى قۇرۇش ۋە بەرپا قىلىش.
3) ئورتاق تۈرك ئەدەبىي تىلىنى ئاساس قىلغان ۋە پۈتكۈل رۇسىيە تۈركلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي دەرسلىك ۋە كىتاپلارنىڭ نەشىر قىلىنىشى.
4) مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ياۋرۇپالاشتۇرۇش.
5) مۇسۇلمان ئاياللارنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىش.
6) خەلقنىڭ «ئىجادىيەت قابىلىيىتى ۋە چۈشەنچىسى»نى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان زىيالىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش.[41]

غاسپىرالىنىڭ قارىشىچە، بۇ نىشانلار ئىشقا ئاشۇرۇلماستىن رۇسىيە تۈركلىرى ئىچىدە مىللىي ـ سىياسىي بىر ھەرىكەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. غاسپىرالىنىڭ پىروگراممىسىدا سىياسىي ئاساسلار تىلغا ئېلىنماسلىقىنىڭ سەۋەپلىرىنى بۇ نوقتىدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدەنىيەت ۋە سىياسىي تەرەپتىن پىشىپ يېتىلگەنگە قەدەر روس ھۆكۈمەتلىرى بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشىلىشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىمۇ بۇ قاراشلاردىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.[42]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ ئىستەكلىرىدىن بىرى بولسا، تۈرك ئاياللىرىغا ھۆرلۈك بېرىش، ئۇلارنى ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن قىلىش كېرەكلىكى ئىدى. ئۇ بۇ ئۈمىتلىرىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلىشىنى ھەر ۋاقىت تەكىتلەيتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە مىللەتنىڭ ئانىلىرى، مىللەتنىڭ تۇنجى تەربىيچىلىرى بولۇپ، ئاياللار تۇرمۇشىغا ئەھمىيەت بەرمىگەندە، باللارنى قولىدىن ئىش كېلىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا بولمايتتى. ئاياللار مىللەتنىڭ يېرىمى بولۇپ، ئەگەر ئۇلار تۇرمۇش ۋە جەمئىيەتتىن بىخەۋەر قالسا، مىللەتنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىمۇ يېرىم بولۇپ قالاتتى. ئاياللار ھەققىدە ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ قارشى ئېلىشقا ئېرىشكەن بىر ئەسىرى «ئاياللار غايىسى»[43]بار ئىدى. ئىسمائىل ئەپەندى ، ئەرەپ ۋە ختايلاردىن تۈركلەرگە يېتىپ كەلگەن يامان ئادەتلەردىن «ئەر ـ ئاياللارنىڭ باراۋەرسىزلىگى» سەۋەپلىك تۈركلەردە شەكىللەنگەن قالاقلىق ۋە جاھىللىقنى چۆرۈپ تاشلاش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشقان ئىدى. ھەتتا «Alemı Nivan» نامىدىكى تۈرك ئاياللىرىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلىتىدىغان بىر ژورنال چىقىرىلدى.[44] يېڭىچە ئۇسۇلدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان مەكتەپلەرگە تۈرك قىزلىرىنىڭ كىرىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. رۇسىيەنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن تۈرك ئاياللىرىدىن بىرى بولغان سەلىمە ياقۇپ خانىم، بىر ئەسىرىدە مۇنداق يازغان:

«ئىسمائىل ئەپەندى، مۇسۇلمان خوتۇن ـ قىزلار مەنسۇپ بولغان مىللەتنى مىڭ يىللىق ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. ئەرلەرگە ئاياللارنىڭ بېشىغا ئارتىلغان ھىجاپتىن ۋە زۇلۇمدىن قۇتۇلىشى، ئۇلارنىڭمۇ ئوقۇشى كېرەكلىكىنى، قىز ـ ئاياللارنى خۇددى قۇلغا ئوخشاش كۆرىدىغانلاردىن قۇتقۇزۇش، ئۇلارنى

---

[41] - Dr. Edige Kmmal: Kmm Türklerinin Milli-Kurtulu Hareketi, Dergi, Sayı47 s. 64, Münih.

[42] -Kırımer: ismail Gaspirinski. Türk yurdu, Cilt V, 1330 s. 5154; Kmmal Aynı yerde, s. 65

[43] - Akçura: Türk Yılı, s. 341.

[44] مەزكۇر ژۇرنالنىڭ مۇدىرلىقىنى غاسپىرالىنىڭ قىزى شەفىقە خانىم يۇسۇفبەكوۋا ئۈستىگە ئالغان. (قىرىمئەر، ئوخشاش ئەسەر: 72-بەت)

ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمان قىلىش لازىملىقىنى، ئۇلارنى مەدەنىيەتلەشتۈرمەستىن مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىي قىلالمايدىغانلىقى ھەققىدە پىكىر ئوتتۇرىغا قويىدى.خەلقنىڭ مەدەنىي ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشى، قىز ـ ئايالارنىڭ ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشاتتى. ئىسمائىل ئەپەندى ، بۇ قارىشىنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن ھەر يەردە ئاشكارا ئىلان قىلدى. بۇ ھەقىقەت ئۇنىڭغا ئەپسانىۋىي باغچەسارايدىكى ئوچۇق ھاۋاغا ئوخشاش قىز ـ ئايالار مەسىلىرىگە كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى.»[45]

---

[45] - Selime Yakub: Müslüman kadm ve k1zlannm hamisi Ismail Bey Gaspirinski 11

## ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى ۋە خەلقئارالىشىش

ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ پىكىرلىرى ئىنچىكە كۆزىتىلگىنىدە ، ئۇنىڭ «خەلقئارالىشىش»قا قارشى ئىكەنلىكىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ نۇقتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىسمائىل ئەپەندى گۇمانىزىم ۋە ئىجتىمائىيلىق پەلسەپىسگە قارشىدۇر. ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ ئىسلامي كىملىكىنى، خەلقئارالىشىش قارىشىغا باغلاپ چۈشىنىش توغرا ئەمەس. ئۇ دائىم تۈرك دۇنياسىنىڭ مۇستەقىل بولۇپ يۈكسىلىشىنى، تۈركلەر بىرلىكى شەكىللەنگەندىن كيىن ، ئىسلام مىللەتلىرىنىڭمۇ يۈكسىلدىغانلىقىنى ئارزۇ قىلاتتى. تۈرك دۇنياسىنىڭ مۇستەققىل بولۇشى ئۇنىڭدا غايە، نىيەت ۋە ھەرىكەت شەكلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ مۇستەققىل بولۇشى بولسا، پەقەت بىر دۇئا ۋە ئارزۇ پېتىدە قالغان ئىدى.

ئىنسانپەرۋەرلەرنىڭ پارلاق، گۈزەل خىياللىرى، مەنتىقلىق ، ئەمما ساختا دەلىللىرى ئىسمائىل ئەپەندىنى ئالدىيالمىدى. جاھىللىق تەرەپدارلىرىنىڭ قالايمىقان سۆزلىرىگە ھەرگىزمۇ قۇلاق سالمىدى. ئۇ مىللەتنىڭ سائادىتىنى مىللەتتە، مىللەت روھىنىڭ يېتىلىشى ۋە ئىلگىرى سۈرۈلىشىنى بولسا ، بىر تەدرىجى جەريان دەپ قارايتتى. ئۇ شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، ئىنسانىيەتنىڭ مىللەتچىلىكى تېخى يوقىلىپ كەتمىگەن ئىدى. مىللەت قارىشىنى يوقاتقان خەلقلەر باشقىلارنىڭ يەمچۈكىگە ئايلىنىپ قالاتتى. ئۇ بۇ قاراشلىرى بىلەن ئىنقىلاپ دەۋرىدە ئەڭ كۆپ مىللەتچىلىكنى، دىل بىرلىكىنى تەكىتلەشكە تىرىشتى.[46]

ئىسمائىل ئەپەندى تۈنجى ئوي ـ پىكرى ۋە ئەسەرلىرىدىكى تەشەببۇسلىرىدىن كۆز ـ قاراشلىرىنىڭ قىرىم بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغانلىقى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. مەشھۇر تۈرك مىللەتچىسى دوكتۇر رىزا نۇر بۇ ھەقتە ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇنداق يازىدۇ:

« ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى ئوتتۇز يىللىق جاسارىتى، پىداكارلىقى، ئۇلۇغ بىر مىللەتچىلىك ھىس ـ تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدىغان غەيرىتى ۋە ئەمگىكى بىلەن قىرىم تۈركلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئاچقان. ئۇنىڭ بۇ خىل تەسىرى ھەتتا رۇس ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى پۈتۈن تۈركلەرگە قەدەر يېتىپ بارغان. بۇ ئۇلۇغ زات تۈرك تارىخىنىڭ ئويغىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان مۇتەپەككۇرلاردىندۇر.»[47]

مەشھۇر تارىخچىمىز ھۈسەيىن نامىك ئورخۇن «تۈرك مىللەتچىلىك تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ:

« پەقەت تۈركلەر ئارىسىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل تۈرك دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىپ، تۈرك مىللەتچىلىك مۇساپىسىنى تېزلەتكەن تۇنجى تۈرك ـ ئىسمائىل غاسپىرالىدۇر.»[48]

ئىسمائىل ئەپەندى بىر مىللەتچىدۇر. ئىسمائىل ئەپەندى مەنسۇپ بولغان مىللەتنى، پەقەت قىرىملىقلار ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن «تۈرك ـ تاتار» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان پۈتۈن قەۋملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ مىللىتى ھېساپلايتتى. بۇ جەھەتتىن ئىسمائىل ئەپەندىنى «تىپىك بىر تۈرك مىللەتچىسى» دەپ قاراش ھېچ خاتا ئەمەستۇر. بۇلاردىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى «تۈرك بىرلىكى» غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن تۇنجى تۈرك ئىدىئولوگىدۇر.

---

[46] - Kırımer: Aynı eser, s. 130.

[47] - Riza Nur: Türk Tarihi Cilt V, s. 63, 1925, Istanbul.

[48] - Akçura: Aynı eser, s. 338.

ئىسمائىل ئەپەندى گېزىتىدە پۈتۈن كۈچى بىلەن قەبىلچىلىكنىڭ ئۈستىدە تۈرك مىللەتچىلىكى ۋە تۈرك بىرلىكى بارلىقىنى ھىس قىلدۇرۇشقا تىرىشتى. رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ قىرغىز، چاۋۇش، سارت، ئۆزبېك، تاتار...غا ئوخشاش قەبىلىلەرگە ئايرىلىش بىلەن ئەمەس، تۈركلەرنىڭ بىر-بىرىنى چۈشىنىش ئاساسىدا بىرلىشىش ئارقىلىق كۈچلۈك، مىللىي ۋە مەدەنىي كۈچ بولالايدىغانلىقىنى ھەر بىر سۆزىدە تەكىتلەشنى ئەسلا ئەستىن چىقارمىغان ئىدى. ئۇ ئوسمانلى ئىمپىراتۇرلىقىدا يەنىلا ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئانادولۇ ۋە تۈركلىك روھىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى تونۇپ يېتىش بىلەن بىرگە، ئوسمانلى تۈركلىرىنىڭ تۈرك تىلىنى، تۈرك خەلقىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقلىرىنى، تۈرك تىلىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكلىرىنى، يىراق تۈرك يۇرتلىرىنىڭ گۈللەپ ياشىنىشىنى كۆزلەيدىغانلىقلىرىنى ھەر بىر ئېغىز سۆزىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپتا تەنقىت قىلاتتى.[49]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىدىن ئاۋۋال رۇسىيەدە تۇنجى مىللىي ئويغۇنۇش ھەرىكەتلىرىنى قوزغاشقا تىرىشقان ھۆسەيىن فەيزانى ، ھەسەن زەردابى، قازانلىق مەرجانى، ئابدۇلقەييۇم ناسىرى، باھائەددىن ئىشانغا ئوخشاش كۆزگە كۆرۈنگەن تۈرك ئىنقىلاپچىلىرى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ھېچقايسى قىرىملىق ئىسمائىل غاسپىرالىغا ئوخشاش تۈركچىلىكنى ھەم نەزىرىيە ھەمدە ئەمەلىيەت سەۋىيەسىدە تەشۋىق قىلالمىغان، ئىسمائىل غاسپىرالى پۈتۈن ئىنقىلاپ پىكىرلىرىنى ئاساس قىلىپ ۋە ئۇنى كېڭەيتىپ ، تۈرك مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ كېڭىيىشىدە ھەممىسىدىن كۆپرەك تۆھپە ياراتقان.[50] ئۇنىڭ ئىنقىلاپ پىكىرلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە تۈرك مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ئالاھىدە رول ئوينايدۇ.

ئىسمائىل ئەپەندىدىن ئاۋۋال پۈتۈن تۈرك مىللىتىنىڭ غايىسىنى سىستېمىلىق ھالدا نەزەرىيىۋىلەشتۈرۈشكە تىرىشقان ھېچكىم يوق ئىكەنلىكىنى تەكرار ئەسلىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، بۇ غايىنى ئاندا-ساندا يىراقتىن كۆرگەندەك بولغانلارنىڭ بولغانلىقىغا ئىشەندىمكى، ئۇلارمۇ يۇرتلىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ۋەفىك پاشا، شەيخ سۇلايمان ئەپەندى، مۇستاپا جالالىدىن پاشاغا ئوخشاش غەرب تۈركچىلىكى ئىچىدە تىرىشقان بەزى زاتلاردىندۇر. ئەمما بۇلارنىڭ ھېچبىرى قىرىملىق ئىسمائىل ئەپەندىگە ئوخشاش بۇ ئىدىيىنى ئوچۇق، قەتئىي ۋە ئۆزلۈكسىز ھالدا ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاش ئۈچۈن تىرىشقان ئەمەس.[51]

بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «تۈرك بىرلىكى» غايىسىنىڭ تۇنجى قېتىم نەزرىيىلەشتۈرۈلىشى ۋە ئۇنىڭغا باشلامچىلىق قىلىش، مەشھۇر تۈرك-ئىسلام مەدەنىيەت مۇتەپەككۇرى ئىسمائىل ئەپەندى غاسپىرالىغا نىسىپ بولغان.[52]

مەشھۇر قىرانلىق تۈرك مىللەتچىسى يۈسۈپ ئاقچۇرا مۇنداق دەيدۇ: « ئىسمائىل ئەپەندى غاسپىرالىنى مەن پۈتۈن تۈركچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ مەركىزى يادروسى دەپ قاراشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم.»[53]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ تۈركىيەدىكى «تەرجىمان» توپلاملىرى ئىنچىكە كۆزىتىلسە، 1905-يىلدىكى ئىنقىلاپتىن كېيىن، بۇ گېزىتتە قوللىنىلغان يېزىقلارنىڭ تازا دىگەندەك ئېتىبارغا

49 - Kırımer: Aynı eser, s. 64.

50 - Prof. Laszlo Rasonyi: Tarihte Ti.irkli.ik. T.K.A. E. s. 275,1971 Ankara.

51 - Akçura: Aynı eser, s. 346.

52 - Buhara Cumhuriyeti'nin teşekkülü. Yeni Türkistan, sayı, 39, s. 6, y11 5, Eylül 1931, istanbul.

53 - Akçura: Türklük. Salname-i Servet-i Funun, 1328, Türk Yurdu "Altın Armağan" 1329, Türk Yılı, s. 346.

ئېلىنمىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئىسمائىل ئەپەندى ئۇلۇغ تۈرك مىللىتىنىڭ ھەسەن باي زەردابىنىڭ تەبىرى بىلەن «يېڭىلگەن، قاغىش ئالغان ۋە يوق بولغان» بولماسلىقى ئۈچۈن قوللانغان چارە ـ تەدبىرلىرىنى قىسقىچە بىر دەستۇر سۈپىتىدە «تەرجىمان»نىڭ بېشىغا قوشۇپ قويغان.

## « تىل، ئىدىيە ۋە ئىش بىرلىكى»

ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان«تىل بىرلىكى، ئىدىيە بىرلىكى، ئىش بىرلىكى» ئىدىيەسى، پۈتۈن تۈرك مىللەتچىلىك مۇساپىسىنىڭ تىل، ئەدەبىيات، جەمئىيەتشۇناسلىق، ھەتتا سىياسەت قاتارلىق ساھەلىرىدە ھازىرغا قەدەر روياپقا چىققان ئاساسلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[54]

مەزكۇر ئىدىيەدە دۇنيا مىقياسىدىكى پۈتكۈل تۈركلەرنىڭ ئوخشاش بىر ئەدەبى تىلدا سۆزلىشىدىغان، ئوخشاش بىر سىياسى غايىگە ئىگە بولغان، ئورتاق غايە ۋە نىشان ئەتراپىدا ئۇيۇشىدىغان، ئوخشاش ئۇسۇل ۋە تاكتىكا بىلەن ئىش قىلىدىغان بىر جامائەت ھالىتىدە دەپ قارىلىدىغان كۆز ـ قاراشلار يوشۇرۇنغان.[55]

ئۇ «تەرجىمان»نىڭ باش قىسمىدا يەر ئالغان بۇ پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن پۈتكۈل تۈرك دۇنياسىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا بىرلىشىشكە چاقىرىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن بېسىشقا تېگىشلىك قەدەم ـ باسقۇچلارنى يورۇتۇپ بېرىۋاتاتتى. 1917 ـ يىلىغا قەدەر داۋام قىلغان «تەرجىمان» پۈتكۈل تۈرك

---

54 - Akçura: Aynı eser, s. 343.

55 - Mehmet Emin Resulzade; Ortak bir y1ldonümü. istiklal 15 Nisan 1933 Nu. 32 istanbul.

دۇنياسىغا «تىلدا، ئىدىيەدە، ئىش ـ ھەرىكەتتە بىردەكلىكنى ساقلاش» ئىدىيەسىنى كەڭ تەشۋىق قىلغان، نەتىجىدە تۈنجى قېتىم ئاڭلىق بىر ھەرىكەت باش كۆتۈرگەن ئىدى.[56] دىققەت بىلەن كۆزىتىلگىنىدە، 1905 ـ يىلىدىن كېيىن بىر ئىدىيە، بىر نىشان ھالىتىدە ئىپادە قىلىنىشقا بولىدىغان بۇ ئۈچ بۈيۈك ئاساسىنىڭ ئاممىلىرىنى يېتەكچى ئامىل سۈپىتىدە تەدبىقلاشقا تىرىشقان ئىسمائىل ئەپەندى، 20 ـ 25يىلىدىن بۇيان بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان ئىدى.[57] ئىسمائىل ئەپەندى،«تىلدا، ئىدىيەدە، ئىش ـ ھەرىكەتتە بىردەكلىكنى ساقلاش» ئىدىيەسى بىلەن سىمۋۇللاشتۇرغان «تۈرك بىرلىكى» غايىسىنىڭ بۇرۇنراق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىشى ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىدا، بەزى ئىرقداشلارنىڭ قارشىلىقلىرىغا دۇچ كەلگەن ئىدى. مەشھۇر تۈرك مىللەتچىمىز ۋە يازغۇچىمىز ئۆمەر سەيفەتتىن ، «بۈيۈك تۈرك مىللىتىنى پارچىلىغان كىملەر؟» ماۋزۇسىدىكى مۇھاكىمە ماقالىسىدا مۇنداق يازىدۇ:

«تىلدا، ئىدىيەدە، ئىش ـ ھەرىكەتتە بىردەكلىكنى ساقلاش» ئىدىيەسى بىلەن پۈتۈن تۈرك مىللىتىنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشقان ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىمۇ «TURAN»دا ئىتراپ قىلىشقا ئېرىشەلمىگەن، يەنى شىمال تۈركلىرى «نۇر» گېزىتىدە «بىز تاتارمىز!»دېيىش بىلەن بۇ ئۇلۇغ زاتقا قارشى پىكىردە بولغان، ھەمدە ئۇنىڭ مىللىي ھەقىقىتىنى ئىدراك قىلالمىغان ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقتى، ئەمما بۇ ھەقىقەتكە ئەگەشكۈچىلەر ئۆلتۈرۈلدى.[58]

بۇ ئىدىيە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە رۇسىيە تۈركلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، كۆڭۈللەرگە، قەلبلەرگە غايە سۈپىتىدە ئورنىتىلدى. بىر ـ بىرلىرىدىن ھېچبىر خەۋەرسىز ھالدا ياشاپ كېلىۋاتقان تۈركلەرنى ئويغاتتى. كۆڭۈللەر، قەلبلەر، كۆزلەر پەقەت بىرلا قوياش «TURAN» غايىسىگە بۇرۇلدى. ھەتتا شەرقى تۈركىستانلىق تۈركلەرمۇ ئەسىرلەرچە داۋام قىلغان سۈكۈتتىن كېيىن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. قىرىملىق دۆلەت ئەربابى ۋە مەشھۇر تۈرك مىللەتچىسى جافەر سەيىد ئەخمەد قىرىملىق بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:

«تۈرك تارىخىنىڭ ئەڭ ئالاھىدە بىر قۇدرىتىمۇ ھەرىكەتتۇر...مەرھۇم ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ھەر تەرەپكە تارقالغان مىللىي ھەرىكەتلەرنى جانلاندۇرۇش بىلەن ئۆتتى...بۈگۈنكى كۈندە پۈتكۈل دۇنيا تۈركلىرىمۇ «يېشىل»ئەمەس،«كۆك»بايراقنى كۆتۈرمەكتە ۋە «تىلدا، ئىدىيەدە، ئىش ـ ھەرىكەتتە بىردەكلىكنى ساقلاش» ئىدىيەسى بىلەن تۈرك مىللەتچىلىكىگە ئەگەشمەكتە... »[59] ۋە ھەتتا «تەرجىمان»نىڭ «تىلدا، ئىدىيەدە، ئىش ـ ھەرىكەتتە بىردەكلىكنى ساقلاش» ئىدىيەسى «شەرقى تۈركىستان ھاياتى»ناملىق گېزىتىنىڭ بېشىغا يېزىلىپ، يىراقلاردىن تۈرك دۇنياسى ۋە ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ مۇبارەك روھىغا ئۈمىت ۋە ھۆرمەت بىلەن سالام قىلىدۇ.[60]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، تۈرك مىللىتىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرىۋاتقان ئەڭ مۇھىم ئامىلنىڭ «تىل» ئىكەنلىكى قارىشىنى قوللىغان ئىدى. تۈرك دۇنياسىدا مەۋجۇت چوڭ ـ كىچىك شىۋىلەر شاللىنىشقا تېگىشلىك ئىدىكى، تۇنا بويلىرىدا ياشاپ كېلىۋاتقان بىر تۈرك بىلەن شەرقى تۈركىستانلىق بىر تۈرك بىۋاستە سۆھبەتلىشەلەيدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى. بەزى تۈرك شىۋىلىرى بار

56 - Hüseyin Nam1k Orhun: Türk Dünyası, s. 177, 1932 istanbul.

57 - Akçura; aynı eser, s. 342

58 -Omer Seyfettin. Büyük Türklüğü Parçalayan Kimlerdir? Kırım Mecmuas1, Sayı l, Nisan 1918 istanbul, Hayat Tarih Mecmuas1, sayı 3, s. 21, Nisan 1967, istanbul

59 -Kırımer: Aynı eser, s. 244, Emel, s. 11, sayı 65, Temmuz 1971, istanbul.

60 - Kırımer: Aynı eser, s. 11, Emel, s. 59, sayı 85 Temmuz 1971, istanbul.+

ئىدىكى،(ياقۇتچە ۋە چاۋۇشچەگە ئوخشاش) بۇلار ئايرىم بىر مۇستەققىل تىل يۆنىلىشىگە مېڭىۋاتقان ئىدى. دېمەككى، «تىل پۈتۈنلىكى» بۇزۇپ تاشلانغان بىر مىللەتنىڭ ئاقىۋىتىمۇ پارچىلىنىش ۋە يوقىلىش دېگەنلىك ئىدى. بۇ ھەقىقەتنى كۆرۈپ يەتكەن ئىسمائىل ئەپەندى، تۈرك شېۋىلىرى ئىچىدە بارلىققا كېلىشكە باشلىغان پەرقلەرنى يوقىتىش ئۈمىدى بىلەن پۈتكۈل پائالىيەت ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمىنى «تىلدا بىرلىك»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا سەرىپ قىلغان.

ئىسمائىل ئەپەندى، پۈتكۈل تۈركلەر ئۈچۈن ئومۇمىي بىر ئەدەبىي تىلنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھەممىدىن ئاۋۋال بىلىپ يەتكەن ۋە بۇ ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرگەن مۇتەپەككۇرلاردىن بىرىدۇر.ئۇ يازغۇچىلىق ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر پۈتكۈل تۈركلەر ئۈچۈن ئومۇمىي بىر ئەدەبىي تىلنىڭ زۆرۈرلىكى ئىدىيسىنى تەرغىپ قىلىشقا تىرىشقان.[61]

ئومۇمىي تۈرك تىلى مەسىلىسىنى تۇنجى قېتىم «Tongua» رىسالىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئىسمائىل ئەپەندى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر تەرەپتە چۈشىنىلىدىغان بىر «تۈرك تىلى» بىلەن يازدۇ، يەنى تىل ۋە ئەدەبىيات سەھنىسىدە ئەمەلىي تۈرك مىللەتچىلىكىنى باشلايدۇ.[62] ھەمدە ئاخىرقى تىنىقىغىچە بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئۆمەر سەيفەتتىن بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:

« تۈركلەرنىڭ تىلىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ـ پۈتۈن تۇرانىنىڭ بىرلىششى دېمەكتۇر. قىرىمنىڭ ئۇلۇغ ئەۋلاتلىرىدىن بىرى بولغان ئىسمائىل ئەپەندى، ئاخىرقى تىنىقىغىچە بۇ يۈكسەك غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى. ھەتتا بىز ئوسمانلى تۈركلىرىنىمۇ ئويغۇتۇشقا تىرىشتى.»[63]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ «ئاممىباپ تۈرك تىلى» مەسىلىسى ھەققىدىكى كۆز ـ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان پىروفېسسۇر فەخرى فىندىك ئوغلى مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر 1917 ـ يىلىدىكى قوزغىلاڭ چار رۇسىيەنى يوقاتمىغان بولسا، ئىسمائىل ئەپەندى ، «تۈرك دۇنياسىدا پەقەتلا بىر تىل» مۇنداقچە ئېيتقاندا، «تۈرك دۇنياسىدا بىرلا شېۋە»، خۇددى ھەر خىل نېمىس شېۋىلىرىنىڭ ئۈستىدە « Hocheleutsch Yüksek Almanca » ، ھەر خىل فىرانسۇز دىئالېكتلىرىنىڭ سىرتىدا «پارىژ فىرانسۇزچىسى»نىڭ ۋە تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان يۈكسەك مەدەنىيەت تىللىرىنىڭ تۈزۈلىشىگە ئوخشاش بىر «ئالىي تۈركچە» ئىدىيىسى ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولاتتى. »[64]

ئىسمائىل ئەپەندى كەلگۈسىدىكى نەتىجىلەرگە نىسبەتەن تولىمۇ ئۈمىدلىك ئىدى. چۈنكى تۈرك شېۋىلىرى ھېلىھەم مۇكەممەللەشمىگەن، ئەدەبىي بىر شەكىل ھاسىل قىلمىغان ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، نۇرغۇن ئاخباراتچى ۋە يازغۇچىلارمۇ بۇ ھەقتە ئۇنى قوللىغان ئىدى. ئۇنىڭ «ئەدەبىي تىل» ۋە ياكى «ئاممىباپ تۈرك تىلى» تەبىرى بىلەن ئىپادىلىگەن تىل، تولىمۇ ساپلاشتۇرۇلغان ئىستانبۇل تۈركچىسىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس ئىدى.[65]

مەشھۇر تۈركولوگ سامايلوۋىچ 1922 ـ يىلى غاسپىرالى تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغان:

---

61 - Sadri Maksudi Arsal. Türk Dili ic;in, s. 234

62 - Akçura, Aynı eser, s. 337.

63 -ömer Seyfettin Büyük Türklügü Parçalayan Kimlerdir? Hayat Tarih Mee. Sayı 3, s. 21,1967.

64 -Prof. Fahri Ziyaeddin Fmdıkoglu: Türk Gazetecilik Tarihi ve Gaspıralı Ismail Bey. Emel, s. 13, sayı 24, Eylül 1964.

65 -Akçura: Türk yılı, s. 345.

« گاسپرىنسكىي ئۆز ئەسەرلىرىدە رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاسان چۈشىنىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە ئاددىيلاشتۇرۇلغان ئوسمانلى تىلىنى ئاساس قىلغان ئالاھىدە بىر ئەدەبىي تىل قوللانغان. بۇ تىل، ھەقىقەتەن تۈركىيە، قىرىم،كاۋكاسىيە، ماۋەرايى ھازەر رايۇنى، ئىدىل بويلىرى ۋە تۈركىستاننىڭ ئىلىم ئۆگەنگۈچىلىرى ئۈچۈن بۈيۈك بىر قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. رۇشەنكى، گاسپىرىنسكىينىڭ غايىسى، ئورتاق بىر ئەدەبىي تىل بەرپا قىلىش ئىدى. »[66]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغانلار، ئۇنىڭ «ئىستانبۇل تۈركچىسى»گە تولىمۇ يېقىن، ئاددىيلاشتۇرۇلغان تۈركچىنى كېڭەيتىشكە تىرىشقانلىقىنى[67]، «ئوسمانلى ئەدەبىي شېۋىسىنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇلغان شەكلى بىلەن گېزىت چىقارغانلىقىنى»[68]، «ئىستانبۇل تۈركچىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇئەييەن بىر تۈرك تىلى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشقانلىقىنى»[69]بايان قىلماقتا. ئىسمائىل ئەپەندى، تۈرلۈك ئاغىزاكى شېۋىلىرىگە ئىگە بولغان، ھەر قايسى تۈركىي تىللىرى تەركىبلىرى ئارىسىدا بىر «ئاممىباپ ئەدەبىي تىل»نىڭ بولۇشىنى، تۈرك تىلىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ۋاستە دەپ قارىغان.[70]قىرىمدا تونۇلغان فىلولوگ پىروفېسسور بەكىر سىتكى چوبانزادە ، ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ «ئاممىباپ تۈرك تىلى»ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مۇنداق ئۈچ قىسىمغا بۆلگەن:

1) ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە تۈركچىدىن چەتئەل تىلى سۆزلۈكلىرى ۋە قائىدىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاش.
2) ئوقۇرمەنلەر ۋە يازغۇچىلار چۈشىنەلمەيدىغان ئەرەپچە ۋە فارىسچە سۆزلۈكلەرنى چىقىرىپ تاشلاش.
3) ھەر شېۋىدە بەك قوپال بولمىغان مەھەللىۋى سۆزلۈكلەرنى ئوسمانلى ـ تۈركچىسىنىڭ تەلەپپۇزىغا ماسلاشتۇرۇپ قوللىنىش.[71]

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى تىل ساھەسىدە بىر فونتىكا ئۈستىسىدۇر. يۈسۈپ ئاقچۇرا ئۇنىڭ ئۈچۈن «ئىسمائىل ئەپەندى غاسپىرالى تىل ساھەسىدە فونتىكا ئىلمىنىڭ پېشۋاسىدۇر»[72] دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەقىقەتەنمۇ ئىسمائىل ئەپەندى غاسپىرالى، كۆپتۈرۈلگەن ئوسمانلى تىلىنى ياخشى كۆرمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇلغان شەكلىنىڭ پۈتكۈل دۇنيا تۈركلىرى ئۈچۈن نورمال بىر يېزىق تىلى بولۇپ قوبۇل قىلىش پىكرىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى.[73]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، تۈرك تىلىنىڭ ئەرەپ، پارىس ۋە باشقا چەتئەل تىللىرىدىن ئايرىلىپ چىقىشى ئۈچۈن كۆپ تىرىشقان. ئۇ تىل ھەققىدىكى مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن، تۈركچىدىن كېرەكسىز چەتئەل تىلى سۆزلۈكلىرىنىڭ چىقىرىپ تاشلىنىشىنى ئۈمىت قىلىدىغانلار

66 - A. Samaylovic;: Pecat russkib musulman. "Mir islama" Petersburg, cilt 4, s. 618, 1912: Edige Kmmal: Kırım Türklerinin Milli-Kurtulu Hareketi, Dergi, Sayt 47, s. 63, Münih. 1967.

67 - Prof. Abdülkadir inan: D1 Türkler'de Kirk Yil onceki yaz1 dili meselesi. TürkDili, Belleten Ocak-Arahk 1948, seri ÜI, sayı 12-13, istanbul 1948, s. 8.

68 - Prof. Dr. M. Fuat Koprülüzade: ismail Bey Gasprinski. Azerbaycan Yurt Bilgisi s. 155, sayı 16, Cilt IL 1933 istanbul, Cumhuriyet, no. 1377, 7 Mart 1928.

69 -Prof. Ahmet Caferoglu: ismail Bey Gasprinski Azerbaycan Yurt Bilgisi, s. 167, sayı 16, cilt Ü, 1933 istanbul

70 - Prof. Dr. M. Fuat Köprülüzade; ismail Bey Gasprinski Cumhuriyet, No. 137, 1928. istanbul A. Y.B. s. 155, 1933, istanbul.

71 - Prof. Bekir obanzade: Türk-Tatar lisaniyatma Methal s. 191, Kırımer: Gaspıralı Ismail Bey, s. 74

72 - Akçura: Aynı eser, s. 344.

73 - Abdullah Battal TAynıas: Kazan Türkleri, s. 158, T.K.A.E. 1966 Ankara

تەرەپدارى ئىدى. غاسپىرالى قىرىم شىۋىسى ئانادولۇ شىۋىسىگە يېقىن بولغانلىقى ۋە ئۇ يەرنىڭ شىۋىسىدە رەسمىي بىر ئەدەبىيات تەرەققى قىلمىغانلىقى ئۈچۈن تىل بىرلىكىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشىنەتتى.[74] بۇ جەھەتتە «تەرجىمان»نىڭ ئەڭ كۆپ ئوقۇلۇۋاتقان چاغلاردا ماقالىلىرىدە چەتئەل تىلىدىن كىرگەن سۆزلۈكلەرنى قوللانغان قازان، ئەزەربەيجان ئەدەبىياتچىلىرىنى ۋە ئوسمانلى تۈركچىسىنىڭمۇ « قالايمقان »لىقىنى تەنقىت قىلاتتى.[75] ئىسمائىل ئەپەندى، قازان تۈركلىرىنىڭ چەتئەل تىلىدىكى سۆزلەرنى كۆچەپ قوللىنىشىنى تەنقىت قىلغان ئىدى. ئۇ چاغدىكى ئەسلى مەقسەت، ئۇ ياكى بۇ تىلنىڭ سۆزلۈكلىرى ئەمەس ، رۇسچىدىن كەلگەن ۋە ياكى مەجبۇرىي قوشۇۋېتىلگەنلىكىدۇر. رۇسيەنىڭ ئاخبارات خادىملىرىنىڭ نازارەتلىرىدىن تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆتۈپ كەلگەن ئىسمائىل ئەپەندى، ۋاستىلىك بولغان بولسىمۇ، تۆۋەندىكىگە ئوخشاش، ئەسەرلىرىدە مەقستىنى ئوقۇرمەنلەرگە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن يەتكۈزۈپ بەرگەن.

«قازانلىقلار ئۆز تىللىرىغا يىلتىزى مولدۇۋا لۇغەتلىرىدىن كەلگەن سۆزلەرنى ئارلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن. ھالبۇكى، يېرىم ـ ياتاڭ تىلمۇ، ئىشمۇ بولالمايتتى... راكى ئىچكەندە ئاپاشكارانىڭ نېمە كېرىكى، سالام بەرگەندە «كاك پىروژىۋاي»نىڭ؟ يانچۇقىڭدا پۇلۇڭ بولسا ، غەيرىگە نېمە كېرەك؟ لۇغەتىت تۈرك بولغان ئىكەن، باشقا لۇغەت نە كېرەك؟»[76] 1881 ـ يىلىدا چىقىرىلغان«kamer»دىمۇ ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى ، تۈرك تىلىنىڭ ساپلاشتۇرۇلىشىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

« بارچە ئەسەرلىرىمىزنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تۈرك تىلى سۆزلۈكلىرىنى قوللىنىپ، ئەرەپ، پارىس ۋە غەيرى تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنايلىكى، زىيالىيلارلا ئەمەس پۈتۈن خەلق ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بولسۇن.»[77]

«Tonguç»تا «تىل بىرلىكى» غايىسىنى ئوچۇق ـ ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويغان ئىسمائىل ئەپەندى، مۇنداق دەيدۇ:

«مىللىتىمىزنىڭ بايلىقى بولغان تىلىمىز، ئەدەبىي قىلىنىپ پىششىقلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئوقۇتۇشتا قوللىنىشقا بولىدىغان، يارامىلىق بىر تىلدۇر. تولىمۇ يېقىملىق تاتار خەلق ناخشىلىرىدىن، نوگاي قوشاقلىرىدىن، قىرغىز ۋە تۈركمەن جىرلىرىدىن بىلىشكە بولىدۇكى، ئەگەر تىلىمىز پەقەت جانلىق تىل سۈپىتىدىلا قوللىنىلىپ قالماستىن، يېزىق تىلىدىمۇ قوللىنىلىپ پىششىقلانسا، ھازىرقىغا نىسبەتەن زور دەرىجىدە رۇشەن ۋە چۈشىنىشلىك ۋە ئاممىباپ بولىدۇ...مەقسىدىمىز تىلىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتۇر.»[78]

ئىسمائىل ئەپەندى، «تىل بىرلىكى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ پۈتۈن چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن ھېچقاچان توختاپ قالمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن رۇسيە تۈركلىرىگە قۇبۇل قىلدۇرغان، تۈرك بالىلىرىنىڭ ئۈچىنچى سىنىپقا قەدەر ئۆز شىۋىسىدە دەرس ئېلىپ، تۆتىنچى سىنىپقا چىققاندا ئاممىباپ تۈرك تىلىدا دەرس ئېلىشنى يولغا قويغانلىقى، ئۇنىڭ بۇ يولدا كۆرسەتكەن زور تىرىشچانلىقلىرىنىڭ

---

[74] - Prof. Laszlo Rasonyi: Tarihte Türklük, s. 276, T.K.A.E. 1971, Ankara.

[75] - Akçura: Aynı eser, s. 342.

[76] - Akçura: Aynı eser, s. 342.

[77] - Kırımer: Aynı eser, s. 38.

[78] - Ismail Gaspıralı: "Tongrn;': Ocak 1881, Akmescit (Ta basmas1); Akc;ura: Aynı eser, s. 342.

بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.[79] ئۇنىڭ «تىل بىرلىكى»گە تۈرتكە بولغان روشەن پىكىرلىرى پۈتكۈل تۈرك دۇنياسىدا قىزغىن قارشى ئېلىندى. ئوخشىمىغان تۈرك رايونلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئۇقۇمۇشلۇق تۈركلەر بۇ جەھەتتە ئۆز كۆز ـ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلاردىن بىرى بولغان ئۆمەر سەيفەتتىن مۇنداق دەيدۇ:

«تىلدا بىرلىشىش، پەقەت گېزىت، كىتاپلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ. ھەر بىر تۈرك ، ئىستانبۇل شىۋىسىدە يېزىشنى بىر مەجبۇرىيەت دەپ بىلىشى لازىم. تۇراننىڭ پۈتۈن گېزىتلىرى مەرھۇم ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ «تەرجىمان»غا ئوخشاش بىر تىل قوللىنىشى، مىللىتىمىزنىڭ يەرلىك شىۋىلىرىنى يوقىتىۋەتمەسلىكى لازىم!...»[80] ئىسمائىل ئەپەندىمۇ بۇ يوللارنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

« تۈرك تاتارلىرى خەت ـ چەك ۋە مەكتەپلىرىدە ئانا تىللىرى بىلەن ياۋرۇپانىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتلىرى ۋە ئىدىيلىرىنى، ھۈنەر ـ سەنئىتىنى ئۆگىنىشى لازىم. پەقەت مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردىلا قوللىنىپ قالماي ئانا تىللىرىدا كىتاپلار، رىسالىلەر، مەجمۇئەلەر ۋە گېزىتلەر يېزىلىپ نەشر قىلىنىشى كېرەك. مىللىي تۈرك ـ تاتار ئەدەبىياتى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىشى لازىم.»[81]

«تۈرك تىلى بىرلىكى» غايىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىشى ھەققىدە تۈرك مۇتەپەككۇرلىرى ئىچىدە بىردەك كۆز قاراش شەكىللەنمىگەن ئىدى. تىل بىرلىكىنىڭ تولىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ۋە بۇ غايىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئىلىپ بېرىلغان پۈتۈن پائالىيەتلەر ۋە تىرىشچانلىقلارنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن قارانلىق جامالىددىن ۋالىدوفنىڭ، ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ كۆز ـ قاراشلىرىدىن چەتنەپ كەتكەن بىر تەرىپى، ئامما باپ بىر تۈرك تىلىنىڭ زۆرۈر ياكى زۆرۈر ئەمەسلىكى مەسىلىسى ئىدى. جامالىددىن ۋالىدوفنىڭ كۆز ـ قاراشلىرىنى نەۋشىۋان يانشەفمۇ قوللىغان ئىدى. يانشەف ئاممىباپلىققا ئىگە بىر ئەدەبىي تىلنىڭ بارلىققا كەلتۈرۈلىشىنى ۋە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى تۈرك تىللىرىغا ئورتاق بولغان سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىش پىكرىنى تەكىتلىگەن ئىدى.[82]

بولشېۋىكلەر دەۋرىدە تۈرك كومىنىستلىرى روسىيە تۈركلىرىنىڭ قەلبلىرىگە نامى ئورناپ كەتكەن ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنى، خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ بېقىشتى. سانى يوق دېگۈدەك دەرىجىدە ئاز بولغان كومىنىست تۈرك تەشۋىقاتچىلىرىدىن ئالىمجان ئىبراھىموف، ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنى«ئاممىنى ئەدەبىياتسىز ۋە تىلسىز قويدى»دېيىش بىلەن ئەيىپلىدى. ھەتتا بۇ دۈشمەنلىكىنى «تەرجىماننىڭ ئومۇمى ئەدەبىي تۈرك تىلى ئۆزى بىلەن قەبرىگە كەتتى.»[83] دېيىش بىلەن داۋام قىلدى. يەرلىك كومىنىست ئالىمجان ئىبراھىموفنىڭ ئاساسسىز بىلجىرلاشلىرىغا قارشى ،پىروفېسسور ئەھمەد جەفەر ئوغلى مۇنداق دەيدۇ:

« ئەجەبا شۇنداقمىدۇ؟ بۇ تىلسىزلىق ۋە ئەدەبىياتسىزلىقتىن سۆز ئاچقان بۇ بولشېۋىك كاپىرلىرى، ئۆزلىرىمۇ مىللىي تىلنىڭ ۋە ئەدەبىياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشمەيدۇ. ئەگەر چۈشەنگەن بولسا ئىدى، مىليۇنلارچە تۈركنى بۆگۈنگىدەك كۆنگە ئېرىشتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ

---

79 - Mirza Bala: Rusya Ihtilali'nde Türkler, Dergi, s. 5, Münih 1957, Abdullah Ballal TAynıas: Kazan Türklerinde Milli Davramlar, Dergi 22, s. 30 Münih 1960; Mu- harrem Feyzi Togay: Yusuf Akçura'nm Hayat1 s. 51, 1944, Istanbul; Prof. Lü.szlo Rasonyi: Tarihte Türklük, s. 276, T.K.A.C. 1971, Ankara.

80 - Omer Seyfettin: Büyük Türklügü Parc;alayan Kimlerdir? Hayat Tarih Mee. Sayı 3, s. 21 Nisan 1917 Istanbul.

81 - Akçura: Aynı eser, s. 342.

82 -

83 - Sayı A. Zenkovskiy: Rusya'da Pantvahizm ve Müslümanhk s. 176, ipek Matbaas1,1971, Ankara.

گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان تىل ئىنقىلابى ھەركەتلىرىگە بۇ قەدەر نانكورلۇق ۋە ھۆرمەتسىزلىك قىلمىغان بولاتتى. بۇ ھاقارەتلەرنىڭ ئالىمجان ئىبراھىموفنىڭ ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىمۇ ياكى بىرەر رۇس تەشكىلاتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانمۇ ؟ بۇ بىزگە نامەلۇم.»[84]

پۈتكۈل تۈركلەر ئىچىدە تىل بىرلىكى، بۈگۈنكى كۈندە توغرا بولمىغان پىكىر دەپ قارالسا، «تىل بىرلىكى»نى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسى، بولۇپمۇ، تىلنى ئەسلى تۈركچىگە قايتۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلار قەتئىي ئازلاپ كەتكىنى يوق. ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچىيىپ، تېخىمۇ كۆپ ئىش ـ پائالىيەتلەر جانلاندۇرۇلماقتا.[85] ئىسمائىل ئەپەندى، ئەڭ ئاخىرقى نەپىسىگىچە تىككەن كۆچەتلىرىنى پەرۋىش قىلدى. ئەمما مەيلى رۇس مىسسىيونىرلىرى بولسۇن ۋە ياكى تۈرك ـ رۇس بولشېۋىكلىرى بولسۇن، ئۇنى بۇ «تۈرك تىلى بىرلىكى» تۈپەيلىدىن بىردەممۇ ئارامىدا قويماي، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىشتى. ئۇنى تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەردىن سىقىپ چىقىرىشقا ئۇرۇنۇشتى، ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ بۈيۈك رۇس ئىتتىپاقىغا قارشى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئۇلۇغ تۈرك بىرلىكى، ئۇلار ئۈچۈن نەقەدەر زىيانلىق ۋە قەدىرسىز بولسا، بىز ئۈچۈن ئۇ قەدەر قەدىرلىك ۋە ھۆرمەتلىكتۇر.[86] ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ «تىلدا بىرلىككە كېلىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى، تۈركىيەدىمۇ مۇتەپەككۇرلار تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشكەن ئىدى. شەمسىدىن سەمى، مەھمەد ئەمىن يۇرداقۇل بۇ غايىنىڭ تۈركىيەدىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ قاتاردا ئۆمەر سەيفەتتىن تۈركىيەنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ تەسىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«مەرھۇم ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ «تۈتى قۇشى تىلى»دەپ ئاتىۋالغان بۇرۇنقى ئەرەپچە، ئەجەمچە تەركىپلىك ئەدەبىي تىلىدىنمۇ ۋاز كەچتۇق. بۈگۈنكى كۈندە يېتىشىپ چىقىۋاتقان ياش شائىرلار، ئەدىپلەر، ئەسەرلىرىنى ھازىر قوللىنىۋاتقان تەبىئى تۈركچە بىلەن يازماقتا. ئەسەر تىللىرىدا تۈرك گىرامماتىكىسىدىن باشقا ھېچبىر تىل قائىدىلىرىنى قوللانمىدى. ئالىي مەكتەپلىرىمىزدىمۇ مىللىي تىل قوللىنىلماقتا.»[87]

ئوقۇپ ئۆتكىنىمىزدەك، پەقەت قىرىمغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن تۈرك دۇنياسىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئىسمائىل ئەپەندى، تۈرك تىلى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ تۆھپە قوشقان بىر كىشىدۇر. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى تۆھپىلىرىنى رۇسىيەدە كۆزگە كۆرۈنگەن تۈرك مۇتەپەككۇرلىرىدىن رىزائەددىن فەخرەتتىن مۇنداق بايان قىلغان:

«تۈرك تىلىنىڭ تۇنجى ئىسلاھ قىلغۇچىسى ئەلشىر ناۋائىي بولسا، ئىككىنچىسى شۈبھىسىزكى ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىدۇر.»[88]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، پەقەت تىل ساھەسىدىلا ئەمەس، تۈرك مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار باشقا جەھەتلەردىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.[89] ئۇ بۇ ساھەلەرنى «ئىدىيەدە ۋە ئىشتا بىرلىككە كېلىش» شۇئارى بىلەن سىمۋوللاشتۇرغان.

---

[84] - Kırımer: Aynı eser, s. 91.

[85] - Prof. Ahmet Caferoglu: Ismail Bey Gasprinski. Azerbaycan Yurt Bilgisi, Cilt 2, s. 168,1933 istanbul.

[86] - Mehmet Emin Resulzade: Ortakh bir y1l dönümü. Istiklal No. 32, 15 Nisan 1933

[87] - Prof. Ahmet Caferoglu: Ismail Bey Gasprinski. Azerbaycan Yurt Bilgisi, cilt 2i s. 169, 1933, Istanbul.

[88] - ömer Seyfettin: Büyük Türklügü Parçalayan kimlerdir? Hayat Tarih Mee., Sayı 3,s. 21, Nisan 1967, istanbul.

[89] - K1zaettin Fahrettin: Til yan1. Orenburg Mecmuas1 Yay1111, Vakit Matbaas1, 1910,Kırımer: Aynı eser, s. 74.

رۇسيە تۈركلىرىنىڭ ئاممىباپ تىلغا بولغان مايىللىقىنى ھېس قىلغان ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، «تۈرك بىرلىكى» غايىسىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا قەدەم قويغان. ئەسلىدىمۇ ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ«ئاممىباپ تىل» ھەققىدىكى ئەسەرلىرى «ئىدىيە ۋە ئىش بىرلىكى» شۇئارىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بىر ھالەتنى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئۇ تۈرك دۇنياسىدىكى پۈتۈن يۈرەكلەرنىڭ ئورتاق بىر غايە ئۈچۈن سوقۇشىنى، ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىت قىلاتتى. بۇ جەھەتتە ئىسمائىل ئەپەندى، مەيلى «تەرجىمان» ۋاستىسى بىلەن بولسۇن ۋە ياكى تۈرك ـ ئىسلام دۇنياسىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، «ئۇسۇلى جەدىد» مەكتەپلىرىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق بولسۇن «ئىدىيە بىرلىكى» شۇئارىنى قىسمەن ئىشقا ئاشۇرۇشتا غەلبە قىلدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «ئەركىنلىك» ئىدىيىسى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. رۇس زۇلۇمى ۋە رۇس ئىشكەنجىلىرى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان تۈركلەر، ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى تارقاتقان ئىدىيەلەرنىڭ تېخىغىچە مەۋجۇتلىقىنى ۋە يوقالمايدىغانلىقىنى ئۆز قانلىرى بىلەن ئىسپاتلىدى.

بولۇپمۇ «ئىدىيەدە ۋە ئىشتا بىرلىككە كېلىش» شۇئارى، ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ يېڭىچە تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلى بىلەن ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان مەكتەپلەردە كېلەچەك نۇقتىسىدىن ئۈتۈق قازاندى. بۇ مەكتەپلەردە ئاساسلىقى «تىلدا بىرلىككە كېلىش» غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىرلىكتە، «ئىدىيەدە ۋە ئىشتا بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش» غايىسىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇلاتتى. غاسپىرالىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنى ۋە قارىشىچە، شىمال ۋە شەرقتە تۈرك مىللەتچىلىكى بىر تەرەپتىن مەكتەپلەر، يەنە بىر تەرەپتىن نەشرىيات، ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن خەيرى ـ ساخاۋەت، ئىلمي ۋە ئەدەبىي جەمئىيەتلەرنىڭ ياردەم بېرىشى ئاستىدا، «تىلدا، ئىدىيەدە ۋە ئىشتا بىرلىككە كېلىش» غايىسى ئىشقا ئاشۇرۇلاتتى.[90] ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، غايە سەبداشلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، پۈتۈن رۇسيە تۈركلىرى ئارىسىدا «ئىشتا بىرلىككە كېلىش» غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى. 1917 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاپتىن كېيىن جۇمھۇرىيەت قۇرۇشتى، بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشتى، تەشكىلاتلارنى قۇرۇشتى، ھەتتا رۇسلارنى يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتى. بۇ جەرياندا، يۈز مىڭلارچە تۈرك شېھىت بولدى. گەرچە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، رۇسيە تۈركلىرى «ئىشتا بىرلىككە كېلىش» غايىسىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرالمىغان بولسىمۇ، ئەمما كەلگۈسى ئەۋلاتلار ئۈچۈن بۇ غايىنى بۈيۈك بىر مىراس سۈپىتىدە قالدۇردى.

بۇ غايە ئاتا قىلغان ئىمان كومىنىستىك بولغان روسيەدە شەكىللەندى ۋە داۋام قىلدى. چار ھۆكۈمىتىنىڭ يىقىلىشى بىلەن ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەن كومىنىستلەرنىڭ ، چار ھۆكۈمىتى دەۋرىدىكى بېسىم ۋە رۇسلاشتۇرۇش سىياسەتلىرىنى ئوخشاش شەكىلدە يۈرگۈزۈشكە قارىماي، غاسپىرالىنىڭ بەرپا قىلغان مىللەتچىلىك ئىدىيلىرىنى مۇھاپىزەت قىلغان ۋە تەرغىپ قىلغان رۇسيە تۈركلىرى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن پايدىلىنىپ، مىللىي ئارمىيە تەشكىللىدى ۋە رۇسيە، رۇمىنيە، ۋېنگىرىيەدە ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگە قەدەر مەڭگۈلۈك دۈشمەنلىرى بولغان بولشېۋىك رۇسلار بىلەن تىركەشتى.[91] ئەسلىدە «ئىشتا بىرلىككە كېلىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈرك دۇنياسىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى، زۆرۈر بولغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى لازىم ئىدى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسمائىل ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان «ئىشتا بىرلىككە كېلىش» شۇئارى، بىر خىيال بولۇپ، ئەمەلگە ئېشىشتىن تولىمۇ يىراقتا ئىدى. تۈركىيەنىڭ يېتىشتۈرۈپ چىققان ئەڭ بۈيۈك تۈرك مىللەتچىلىرىدىن بىرى بولغان ھەمدۇللا سوپى تانرىۋەر، تۈركىيەدە قاتناشقان سۆھبەتلىرىنىڭ بىرىدە، ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى بىلەن بىرگە بولغان بىر خاتىرىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

---

90 - Yusuf Akçura: Türk Yılı, s. 345.

91 - Kemal Ortayh: ismail Bey Gaspıralı Kim idi? Birleşik Kafkasya, s. 13 Sayı, 15 Ekim 1952 Münih

« شىمالدا ياشىغان مىليونلارچە تۈركلەرگە ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكلىرىنى تونۇتقان، قۇتقۇزۇپ قالغان، بۇ ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك بوۋىمىز ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى قۇلاقلىرىمىزغا ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالماسلىقىقا تېگىشلىك مۇنداق بىر سۆزنى پىچىرلىغان ئىدى: بەزى چۈشەنچىلەر باركى ئۇلار بىز ئۈچۈن مەنئىي قىلىنغان. ئۇلارنى بىزدىن كېيىن دۇنياغا كېلىدىغان نەسىللىرىمىزگە قالدۇرايلى، بىز مەنىۋى بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرايلى، تىلىمىزنى بىرلەشتۈرەيلى. سىياسىي بىرلىكتە باشقىلارنى ئويلاپ بېقىڭلار!» دېگەن ئىدى.»[92]

جافەر سەيىد ئەھمەد قىرىملىق مۇنداق دەيدۇ:

«كېلەچەكنىڭ ئىمانلىق پۈتۈن پەرزەنتلىرى، تۈرك تارىخىدا تۈركلەرنىڭ قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا ئېرىششىنى، ئۆزلىرىنى ۋە بىر-بىرلىرىنى تونۇپ يېتىشىنى، مىللىي قىممەت قاراشلىرى بىلەن قوراللىنىپ، مەۋجۇدلۇقىنى قۇتقۇزۇپ چىقىشىنى ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىدە تارىخقا ماس كېلىدىغان شەرەپلىك بىر نوپۇزغا ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەنلىرىدە، تۈرك مىللەتچىلىكىنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا، ھەر قايسى جەھەتلەردە غەلىبە قىلىشىغا تۆھپە قوشقانلارنى ۋە بۇ مۇقەددەس غايە يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەرنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىشىدۇ ۋە تۈرك مىللەتچىلىكىنىڭ ئۇل تېشىغا ئىلاھىي بىر قول بىلەن ئويۇلغان مۇنۇ سۆزلەرنى كۆرۈپ، ئۇلارنى پەقەت بېشىغا ۋە ياكى قەلبلىرىگە ئەمەس، ۋىجدانلىرىغا ھۆكۈمران قىلىشىدۇ: تىلدا، ئىدىيەدە ۋە ئىشتا بىرلىككە كېلەيلى! »[93]

## ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ ئىسلامىي كىملىكى

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى ئىسلامغا مايىل كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئىسلامىي كىملىكى ۋە ئىدىيەسىنى خاتا چۈشىنىۋالماسلىق لازىم. دوكتۇر ساففەت ئارىن ئەنگىن، ئۇنىڭ ئىسلامىي كىملىكى ھەققىدە مۇنداق بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويغان: « ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ ئىسلامىي كىملىكى تۈركلىششىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان.» [94] ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ ئىسلامىي كىملىكى«خەلقئارا ئىسلام ھەركىتى»گە تايانمايتتى. ئۇنىڭ ئىسلامىيلىقى پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ بىرلىشىش پىرىنسىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.[95] ئىسمائىل ئەپەندى «ئۈممەتچى» بولمىسىمۇ ، پەقەت تۈرك مىللىتىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ سائادىتى ۋە خۇشاللىقىنى ئويلايتتى، ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرى ئۈستىدە باش قاتۇراتتى. ئۇنىڭ مىسىردا ئېلىپ بېرىلغان« ئىسلام سۆھبىتى»دە سۆزلىگەن سۆزلىرى، ئۇنىڭ ئىسلام سۆيەرلىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرىدىن بىرىدۇر.

جافەر سەيىد ئەھمەد قىرىملىق، ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ ئىسلامىي كىملىكى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

« ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ ئىسلام دۇنياسىنى ھەركەتكە كەلتۈرۈش، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ياخشىلاش ئاساسىدا، سىياسىي پانئىسلامىزم چۈشەنچىسىنىڭ مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ناھايىتى قىيىن. بۇ پەقەتلا تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدىغان بىر ئىش بولمىسىمۇ، ئۇمۇمنىڭ

---

92 - Hamdullah Suphi Tannover: Kurtulu Günlerinde Karde Musahabeleri. TürkYurdu, Sayı7,15 May1s 1918, kırımer: Aynı eser, s.5.

93 - Cafer Seydahmet Kırımer; Gasp1Iah ismail Bey, s. 245; Emel, s. 72, sayı 65, Tem- muz 1971, istanbul.

94 - Dr. Saffet Engin Arm: Avrupa Ki.ilti.iri.i Nedir ve Ne Degildir? s. 267, Ankara.

95 - Dr. Edige Kmmal: Kmm Tüklerinin Milli-Kurtulu Hareketi, Dergi, sayı 47, s. 65, Münih 1967.

سىياسىي غايىلىرىنى يوشۇرۇن سىر سۈپىتىدە ساقلىغان ۋە ئەمەلىي ئىش قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كەلگۈسى خىياللارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ۋاز كەچكەن ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ بۇ مۇھىم مەسىلىدىكى ئىشەنچىسىمۇ ئۇنىڭ شەخسىي خاتىرىلىرى ۋە رەسىملىرى ئىنچىكە كۆزىتىلگەندە ئاندىن ھېس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىسلام دۇنياسى ھەققىدە يازغانلىرىدىن چىقىدىغان يەكۈن، ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەتلىرىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ۋە ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىدۇر.»[96]

ئىسمائىل ئەپەندىگە نىسبەتەن ئىسلامىيەت، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىر تولۇقلىغۇچى تەركىبىدۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىسلامىيەت غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بەزى شەرتلىرى ئىچىدە، قوبۇل قىلىنىشقا توسقۇنلۇق قىلمايدۇ.[97] ئىسلامىيەتنىڭ بۇ ھەقىقى ئاساسلىرىنى ئۆز ھەركەتلىرىگە تەدبىقلاشقا تىرىشقان ئىسمائىل ئەپەندى، قارىغۇلارچە ئەگىشىشكە، ئوخشاشلا قارىغۇلارچە ئەگىشىشتىن پەيدا بولغان قالاقلىققا ۋە جاھالەتكە قارشى ئىدى. ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ بۇ ھەقىقى ئىسلامىيەت چۈشەنچىسى سەۋەپلىك ، ئەسلىدىكى بىر دۈشمىنى ئىككىگە كۆپەيگەن ئىدى. رۇسىيەدە رۇس جاھانگىرلىكىگە قارشى تۈرك دۇنياسىنى، بولۇپمۇ رۇسيە تۈركلىرىنى ئويغىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىگە قارشى تەتۈر تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەنلىك قىلغان رۇس مىسسىيونېرلىرىنىڭ سېپىگە ئەسلى تۈرك بولغان نادان تالىپلارمۇ قاتنىشاتتى. ھەتتا بۇ تالىپلاردىن تونتار مۇددەرىسى ئىشمەھمەد ھەزرەت، ئىسمائىل ئەپەندى ھەققىدە «كافىر» پەتىۋاسىنى بەرگەن.[98]

ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ ئاساس سۈپىتىدىكى ئىسلام قارىشى مۇنداق ئىدى: ئىسلام دۇنياسىغا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئىشكىلىرىنى ئېچىش ۋە غەرب مەدەنىيىتىدىن پايدىلىنىش كېرەك، ئەمما مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي ھايات جەھەتتىن ئىسلام ئاساسلىرىدىن ئايرىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

ئىسمائىل ئەپەندى شۇنداق قىلىپ، « شەرق ۋە غەرب دۇنياسىنىڭ كۈلتۈر بايلىقلىرى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرەلىگەن ۋە ئىش ـ ھەركەتلىرىدىن ياخشى نەتىجە چىقىرىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان ئەقىل ـ پاراستى بىلەن شۇ دەۋىردىكى مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىن جانلىنىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن.»[99] يۈسۈپ ئاقچۇرا، ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ ئىسلامىي كۆز ـ قاراشلىرىنى قىسقىچە قىلىپ مۇنداق بايان قىلغان:

« ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ ئىسلامىي نەزەرى، مىللىي ھاياتتا پايدىلىنىش دەرىجىسىدۇر.»[100]

ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ يۈكسەك ئادىمىيلىكتە ئۆزىنى كۈچلۈك كۆرسەتكەن باشقا بىر ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئەمەلىياتچان بولۇشىدۇر. ئۇ ھەر ئىشتا كۆرۈلگىنىدەك مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ ئىسلامىيىتىنىڭ تەلەپلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەرەپدارىدۇر. بۇ ھەقتە ئاۋۇستىكى ئوغۇز ئوغلى مۇنداق بىر خاتىرىسىنى بايان قىلىدۇ:

---

96 - Cafer Seydahmet Kırımer; Gaspıralı ismail Bey, s. 125.

97 - Yusuf Akçura; Türk Yılı, s. 344.

98 - Kırımer; Aynı eser, s. 51.

99 - D. Edigen Kmmal: ismail Bey Gaspıralı, Dergi, Sayı: 62, s. 50, Münih 1970

100 - Yusuf Akçura: Aynı eser, s. 344

« 1906 ـ يىلى كۈز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئىسمائىل ئەپەندى، پات ـ پاتلا ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان قىرىملىق دىنى ئۆلىمالارنىڭ پىكرى ئەڭ ئوچۇق ۋە مەدەنىي بولغىنى، باغچەساراي خان جامئەسىنىڭ خاتىبى ھەبىبۇللاھ ئەپەندىدىن مۇنداق بىر سۇئال سورايدۇ: قۇرئان كەرىم ھەقىقەتەن بىر ئىلاھىي مۆجىزىدۇر، بۇنىڭغا مۇتلەق ئىشىنىمىز. ئەمما ناماز ئوقۇغاندا، مەسىلەن، فاتىھەدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان يۈسۈف سۈرىسىدىن ئوقۇلىدىغان ئايەتلەرنىڭ ناماز بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. چۈنكى بۇ ئايەتتە(زۇلەيخا قوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، يۈسۈفنى ئۆزى بىلەن بىرگە بولۇشقا مەجبۇرلىدى...) مەناسىدىكى بۇ ئايەتنىڭ نامازدا ئوقۇلۇشى مېنىڭچە دۇرۇست ئەمەس. سىلى بۇنىڭغا قانداق قارايدىلا؟ ئۇ سورۇندىكى بىر قازى دەرھال بۇ سۇئالنى كۇپۇرلۇق دېگەن ئىكەن. ئەمما ھەبىبۇللا ئەپەندى بۇ سۇئالنى دۇرۇست دەپ تەستىقلىغان. [101]

ئۇ كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر تۈرك مىللەتچىسى، باشقىچە قىلىپ ئېيتساق تۇرانچى ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ھەقىقىي ۋە كۆڭۈلدىكىدەك تۈرك، تارىخى ئاڭ ئىچىدە مىللىي كىملىككە ئىگە «ساپ تۈركچىلىك» ئۇچۇن تىرىشىدىغان، شۇنداقلا ئىسلامىيەتنىڭ ئىبادەت تەلەپلىرىنى جايىدا ئورۇنداشقا تىرىشىدىغان ئوبراز ئىدى.

ئۇ بۇ ئاساستا ھەقىقى بىر تۈرك مۇسۇلمان ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ قارىغۇلارچە ئەگىشىش بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بىر مۇئمىن ئىدى.[102]

## ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى ۋە «ئاق تۇپراق» قا كۆچۈش

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى بايراقدارلىق رولىنى ئوينىغان مىللىي ئازاتلىق ھەركىتىگە رۇسىيەدە ياشاۋاتقان بارلىق تۈرۈكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قاتنىششىنى ئۈمىت قىلاتتى. تۈركلەرنىڭ تارقاق ۋە قالايمىقان ياششى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان يەرلەردە تەشكىلات قۇرۇپ، مىللىي كىملىكلىرىنى ساقلاپ قېلىشىغا پايدىسىز ئىدى. ئەمەلىي ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، رۇسىيەنىڭ تۈركىيەگە قوشنا

101 - Av. S1tki Oguzbeyoglu: Merhum Gaspıralı ve bir hatira, Emel, sayı 7, s. 29, Kas1m 1961, istanbul

102 - Oguzbeyoglu: Aynı yerde, s. 30.

بولغان تۈرك رايۇنلىرىدىن «ئاق تۇپراق»قا، يەنى تۈركىيەگە ئۆزلۈكسىز كۆچۈش سەۋەبى بىلەن تۈركلەر ئۆز زىمىنلىرىنى قولدىن بېرىپ قويۇش خەتىرىگە دۇچ كېلىدۇ. بۇ ئەھۋالدا رۇسىيەدە تۈركلەرنىڭ سانىنىڭ ئازىيىدىغانلىقىدىن سۆيۈنگەن چار ھۆكۈمەتلىرى، تۈركلەرنىڭ يۇرت ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ كۆچۈپ كېتىشىگە قۇترىتقۇلۇق قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك چارىلەرنى قوللىنىدۇ. ئىسمائىل ئەپەندى يۈز مىڭلارچە ئىنساننىڭ جېنىغا زامىن بولغان ۋە كەلگۈسى ئەۋلاتلار ئۈچۈنمۇ بالايى ـ ئاپەت پەيدا قىلىۋاتقانلارنىڭ دەل رۇس ھۆكۈمەتلىرى ئىكەنلىكىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن ئىدى:

«رۇس ھۆكۈمىتىنىڭ يولغا قويۇۋاتقان سىياسەتلىرىنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، مۇسۇلمانلار دۆلەت قۇرۇش ئىشلىرىدىن تولىمۇ خەۋەرسىز قالدى، قالاق ۋە ساۋاتسىز تاشلاپ قويۇلدى، مىللەت ۋە مەملىكەت يوقسۇللۇق ئىچىدە قالدى. بۇ سىياسەت خەلقىمىزنى پەرىشانلىقتا ۋە سەرسانلىقتا قويماقتا.» [103]

ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، 1856 ـ 1863 يىللار ئارىلىقىدا قىرىمدىن 475مىڭ تۈرك تۈركىيەگە كۆچۈپ كەلگەن. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى رۇمەلى تەرەپكە كۆچكەن ئىدى: « ئەھۋال شۇنداقكى، تەخمىنەن كۆچۈپ بولغانلارنىڭ سانى بىر مىليۇندىن ئاز بولمىسا كېرەك.»[104] دېگەن ئىسمائىل ئەپەندى، كۆچىۋاتقان تۈركلەرنى توختىتىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلماقتا ئىدى. ئىسمائىل ئەپەندى، «تۈرك يۇرتلىرىدا باشلانغان مۇھاجىرلىك ھاياتى» تېمىسىدىكى ماقالىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

« كەسكىنلىك بىلەن شۇنداق دەيمەنكى، ئەگەر قولۇمدىن كەلسە، قىرىمدىن بىرمۇ تۈركنى كۆچۈشكە يول قويمىغان بولاتتىم. چۈنكى كەتكەن بىر كىشى ، قېپقالغان ئون كىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، باشقىلارنى زالالەتكە باشلايدۇ، ئۆزلىرىمۇ نىجاتلىق تاپالمايدۇ. يۇرت ـ ماكانلىرىمىز بۇزۇلۇپ، ياخشىلىنىش بولمايدۇ، ھەممەيلەنگە پايدىسىز ھەم زىيانلىق.»[105] كۆچۈش سەۋەبىدىن ئارقىدا قېلىپ قالغان تۈركلەرنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى بىلەن كۆچمەن تۈركلەرنىڭ ھالەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ئىسمائىل ئەپەندى سۆزلىرىنى مۇنداق داۋام قىلىدۇ:

«رۇسىيەدە مەيدانغا كەلگەن كۆچۈش دولقۇنىنىڭ ئوسمانلى دۆلىتىگە پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن ، روسىيەدە قالغانلارغىمۇ چوڭ زىيىنى بار. چۈنكى ھەر ئائىلىدىن بىر ـ ئىككى كىشى كۆچسە، قالغانلىرىمۇ بىزمۇ كېتەيلى،دېگەن ئوي بىلەن يۇرتلىرىدا مۇساپىرغا ئوخشاش قېلىپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنىمۇ قىلماي، ئىقتىسادى زىيانغا ئۇچرايدۇ. شۇنداق ئىكەن نەدە مەسجىت، نەدە چىركاۋ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىسۇن؟»[106]

دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ پۈتۈن تىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كېتىپ، كۆچۈش داۋام قىلدى. ئەمما ئىسمائىل ئەپەندى قەتئىي بوشاپ قالماي ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، تىرىشچانلىقىنى داۋام قىلدى. ئەسەر يېزىپ خەلققە تېخىمۇ تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشتى. كۆچۈشكە تەييارلىنىۋاتقان تۈركلەرنىڭ ھېسياتىغا ۋە قىزغىنلىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ ئۇلارغا توسالغۇ بولۇشنى ئويلايتتى. ئۇ

103 - ismail Gaspıralı: Rusya Müslümanlan s. 7,1881 Akmescit; Kırımer: Aynı eser, s.31.

104 - ismail Gaspıralı: Muhaceret-i Muntazama. TürkYurdu, Nu. 23, Eylül 1328, istan- bul. Abdullah Battal TAynıas: Kmm Uzerine düşünceler, TürkYurdu, s. 6, Cilt 6, sayı4, 1967

105 - ismail Gaspıralı: Aynı yerde; TAynıas: Aynı yerde s. 7, Kırımer: Aynı eser, s. 163.

106 - ismail Gasprrah. Aynı yerde; Kırımer: Aynı eser, s. 162.

«تەرجىمان»دا ئېلان قىلغان« مۇھىم بىر نەسىھەت، غاپىل بولماڭلار!» تېمىسىدىكى ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

«بىزنىڭ ئارىمىزدا شۇنچە مۇنبەت ئېكىنزارلىقلارنى، چېچەك ئاچقان بوستانلىقلارنى تاشلاپ كېتىش خىيالىدا بولىۋاتقان بىھۇش ئادەملەر بار. ئۇ بىھۇشلار مەيلى ئىچىملىكتىن ياكى ئەپيۇندىن ۋەياكى تۇيۇقسىز بىر ئوي - خىيالدىن كېلىپ چىققان بولسۇن ياخشى نەتىجە بەرمەيتتى. شۇڭا سەگەك كاللا، تەمكىنلىك ۋە سوغۇققانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش لازىم!...

ئەي ئېزىز قېرىنداشلىرىم! سېتىش ئاسان، ئەمما سېتىۋېلىش قىيىندۇر. كېتىش ئاسان ، قايتىپ كېلىش قىيىندۇر. يىقىلىپ چۈشۈش ئاسان، ئورنىدىن تۇرۇش تولىمۇ قىيىندۇر.»[107]

ئىسمائىل ئەپەندى، «Dost Davuşu» ناملىق ماقالىسىدە ئاممىباپ ۋە تەسىرلىك ئۇسلۇپ ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇ ماقالىنى ئوقۇغان ھەر قانداق بىر ئىنسان تەسىرلەنمەي قالمايتتى. بۇ ماقالىنىڭ بىر قىسمىدا ئىسمائىل ئەپەندى مۇنداق يازىدۇ:

« قېرىندىشىم جافەر!... قىش كەلدى، سۇ، تۇپراق بۇزۇلدى. ھەممە جاي قار بىلەن قاپلاندى. ئىنسانلار ئەمەس مەخلۇقاتلارمۇ سوغۇقتىن، قىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆۋلىرىغا بۇكۇندى. سەن بولساڭ بىر قولۇڭدا سەبىيلەرنىڭ، يەنە بىر قولۇڭدا بولسا ئايالىڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ھىجرەت قىلماقچى بولىۋاتىسەن... دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئۆزۈڭنى ئېتىۋاتىسەن. قېرىندىشىم ئويلاپ باقىنا، بۇنداق قىلىشىڭنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟»[108]

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر داۋام قىلغان «ئاق تۇپراق»قا كۆچۈش دولقۇنى، 1902 - ۋە 1903 - يىللىرىدا ، ئىسمائىل ئەپەندى غاسپىرالىنىڭ «تەرجىمان»گېزىتىدە يازغان نەسىھەتلىرىنىڭ تەسىرىدە، كۆچۈش تامامەن بولمىسىمۇ، بىر ئاز توختىغان ئىدى. قىرىمدا يەنە تۈرك مەسىلىلىرى - مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش باش كۆتۈرگەن ئىدى.[109]

كۆچۈش دولقۇنى پۈتۈنلەي توختىغان ئىدى. ئەمما ئارقىدا قېپقالغانلارنى نۇرغۇن پالاكەتلەر ساقلاپ تۇراتتى. يېزىلاردا نوپۇس ئازىيىپ كەتكەنلىكتىن، بوش قالدۇرۇلغان يەرلەرگە باشتا رۇسلار، ئۇلاردىن قالسا باشقا غەيرى مىللەتلەر كېلىپ يەرلەشتۈرۈلگەن ئىدى. رۇسيەدە قالغان تۈركلەر بولسا ھاياتلىق - ماماتلىق ۋە مەۋجۇتلۇق كۈرىشى بېرىۋاتاتتى. ئىسمائىل ئەپەندى رۇسيە تۈركلىرىنى يورۇقلۇققا باشلىغان ۋە ئۇلارغا يول كۆرسەتكەن، ئەڭ بۈيۈك پالاكەت بولغان «رۇسلارغا ئاسمىلاتسىيە بولۇپ كېتىش» تىن قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدى.

107 - ismail Gaspıralı: Laz1m bir Nasihat, Gafil Olma. Tercüman, May1s 15, Bahc;esaray. TAynıas: Aynı yaz1, s. 7, Kırımer; Aynı eser, s. 164.
108 - ismail Gaspıralı: Dost Davuu. Tercüman, ikinci Terini 1902, Kırımer; Aynı eser, s. 164
109 - Abdullah Battal TAynıas: Kmm Uzerine Düünceler, Türk Yurdu, sayı: 4, s. 7, cilt 6,1967.

## ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى ۋە«تەرجىمان »

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، 1879 ـ يىلى گېزىت چىقىرىش ئۈچۈن چار ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس سۇنغان بولسىمۇ رەت قىلىندى. رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ مىللىي كىملىكلىرىنى يوقاتماسلىقى ئۈچۈن چوقۇم بىر گېزىتنىڭ بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىسمائىل ئەپەندى چار ھۆكۈمىتىنىڭ توسالغۇلىرى ئالدىدا قەتئىي بوشىشىپ قالمىدى. ئەكسىچە 1881 ـ يىلىدا « Tonguç، Kamer» قاتارلىق ناملاردا رىسالىلەرنى نەشىر قىلدۇرۇشقا باشلىدى. رۇس ئاخباراتچىلىقى بۇ رىسالىلەرنىمۇ چەكلەشكە باشلىغاندا، ئىسمائىل ئەپەندى پېتىربۇرگقا بېرىپ، ئىككى ۋالىي ۋە ئۈچ مىنىستىر بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، تۈركچە قىسمىنى ئەينەن رۇسچىگە تەرجىمە قىلىش شەرتى بىلەن «تەرجىمان»نىڭ نەشىر قىلىنىشىغا رۇخسەت ئالدى. ئۇنىڭ گېزىت چىقىرىشقا بولغان ئىرادىسى ۋە تىرىشچانلىقى، ئۇنىڭ پىكىر ۋە ئەمەلىي ئىش ھەركەتلىرىنىڭ بىردەكلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.[110]

شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، غاسپىرالى بىر تەرەپتە گېزىت چىقىرىش بىلەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر ئىككى سەپتىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. بۇ سەپلەرنىڭ بىرى تۈرك ـ مۇسۇلمانلار سېپى، يەنە بىرى بولسا رۇس ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ سېپىدۇر. بىرىنچى سەپتىكى قېرىنداشلىرىنى ئوقۇشقا دەۋەت قىلىش مەقسىتىدە كىچىك ـ كىچىك رىسالىلەر يېزىپ، ئۇلارنى مىڭبىر مۇشەققەتتە نەشىر قىلدۇراتتى. قىرىمدا ئەرەپ يېزىقىدا باسمىچىلىق قىلىدىغان ئورۇنلار بولمىغانلىقتىن، تۈنجى كىچىك كىتابلارنى تاش باسمىسى بىلەن باستۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. كېيىنچە بۇ كىتابلارنى تىفلىستىكى خەلقە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان باسمىخانىلاردا باستۇرغان ئىدى. بۇ رىسالىلىرىدە ئىلگىرى سۈرگەن داۋالار رۇسىيەدە ياشىغان مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىشى ۋە ئۇ زامانىدىكى دېيىشتە «ئىلگىرىلەش ۋە يۈكسىلىش» داۋاسى ئىدى.

ئۇ بەزى رۇس گېزىتلىرىدە ماقالىلەرنى يېزىپ ئۆزىنىڭ ھەقىقى بىر روس پۇقراسى ئىكەنلىكىگە رۇس ھۆكۈمىتىنى ئىشەندۈرۈش ۋە رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يېتىم قالدۇرۇلىۋاتقانلىقىنى رۇسلارغا بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلاتتى. مۇسۇلمانلارنى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ئەھۋالى ۋە بىلىملەردىن خەۋەردار قىلىش يالغۇز ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەت ئۈچۈنمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. رۇسىيەدە ياشىغان مۇسۇلمانلاردا يېڭى ئىدىيەلەرگە ۋە

[110] - Yusuf Akçura: Türk Yılı, s.343.

ئىلىملەرگە قىزىقىشى پەيدا قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىشى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈمەتنى قايىل قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى.[111]

«تەرجىمان» نىڭ تۇنجى سانى 1883 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، يەنى قىرىمنىڭ رۇس ئىشغالىيىتىگە ئۆتكەنلىكىنىڭ 100يىللىقى خاتىرە كۈنىگە تەييارلاندى.

«تەرجىمان» نىڭ بۇنداق بىر ئالاھىدە كۈن ئۈچۈن تەييارلىنىشى ھەقىقەتەن ئەھمىيەتلىك ئىدى. ئىسمائىل ئەپەندى، قازاندىن نىزنى ـ نوۋوگىراتتىن توپلىغان 300 رۇبلى ئەزالىق پۇلىغا، ئايالى زۆھرە خانىمنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى، ئانىسىدىن قالغان قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى ساتقان پۇللارنى قوشۇپ، كونا بىر باسما ماشىنىسى ۋە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا باش ئەگمەستىن مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى باشلىدى. 1883 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، باشقا بىر يازغۇچىنىڭ ئېيتقىنىدەك ، « باھار قوياشىنىڭ نۇرىدا دۇنيا تىرىلىپ چېچەك ئاچقان كۈنلەردە، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قارلىق كېپەنلەردە پۈركۈنۈپ خۇددى ئۆلۈكلەردەك ئۇخلاۋاتقان شىمال تۈركلىرىنىڭمۇ تۇنجى ئاق رەڭلىك باھار چېچىكى تەرجىمان»ئېچىلدى.»[112] «تەرجىمان»نىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە قىرىمنىڭ ئۇ ۋاقىتلاردىكى ئەھۋاللىرىنى جافەر سەيىد ئەھمەد مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

« 1883 ـ يىلىدا، قىرىمنىڭ رۇسلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغىنىغا دەل بىر ئەسىر توشقان چاغدا، ئىسمائىل ئەپەندى قىرىمدا باغچە سارايدا تەرجىمان»گېزىتىنى نەشىر قىلىشقا باشلىدى.

خانلىقنىڭ كونا پايتەختىدە ئۇلارنىڭ كونا سارايلىرىدا، بايقۇشلار ئۇۋۇلىغان ئىدى. جەننەت كەبى گۈزەل قىرىمنىڭ باغلىرى، ھويلا ـ ئاراملىرى، قىرىملىقلارنىڭ بەختىسىز ماكانلىرى خۇشالىقتا، سائادەتتە ئەمەس، دەرى ـ ئەلەمدىن، ئازاپ ـ ئوقۇبەتتىن، يوقسۇللۇقتىن، ھەسرەتتىن يۈكسەلگەن ئۆكسۈپ يىغلاشلارغا سەھنە بولغان ئىدى.

قىرىمنىڭ قارا بەختىسىز ئۈپۈقلارنى نۇرلاندۇرۇشقا باشلىغان تەرجىمان قىرىم تارىخىنىڭ ئەسلىمىسى بولدى. قىرىملىقلارنى چوڭقۇر پېتىپ كەتكەن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش مەقسىتىدە ئىشقا تۇتۇش قىلغان ئىسمائىل ئەپەندى، مىڭبىر مۈشكۈلاتلارنى يېڭىپ، قولىدىكى مۇقەددەس مەشئەلنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، پەقەت قىرىمنىلا ئەمەس، ئاستا ـ ئاستا پۈتۈن رۇسىيە تۈركلىرىنى ئويغۇتۇشقا، تەشكىللەشكە، ئۇلارنىڭ ياۋرۇپا مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرشىگە، ئىقتىسادى ۋە جەمئىيەت تەرەپتىن قۇۋۋەتلەندۈرۈشكە يول ئېچىۋاتاتتى.»[113]

«تەرجىمان»نىڭ نەشىر ھاياتىنىڭ تۇنجى يىللىرى زور ماددى يېتەرسىزلىكلەرگە دۈچ كەلدى. بۇ ماددى يېتەرسىزلىكلەرنىڭ تۇغۇلىشى بىلەن تەڭ قىرىم بايلىرىنىڭ بۇ ئەھۋالغا ئېتىبارسىز قارىشىمۇ «تەرجىمان»نىڭ نەشىر قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق ھاسىل قىلغان ئىدى. ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنىڭ يولىنى تېپىپ، «تەرجىمان»نى ئاخىرقى تىنىقىغىچە توختىتىپ قويمىدى. «تەرجىمان»نىڭ تۇنجى نەشىر يىللىرىدا ئىسمائىل ئەپەندى، باسما ماشىنىسىغا بىر موتۇر چېتىپ، گېزىتنىڭ تېخىمۇ تېز چىقىشىنى ئۈمىت قىلغان ئىدى. بۇ ئويىنى قىرىمنىڭ تونۇلغان بىر بېيىغا ئېيتقىنىدا، نادان باي: « تاماكا ئۈچۈن پۇل سورىغان بولساڭ بېرەتتىم، ئەمما گېزىت ئۈچۈن

---

[111] A bdullah Battal Taymas, Rusya Türkleri arasmda matbuat tarihçesi, Yılı (Gaze-tecilik Enstitüsü Dergisi) sayı, 2, s. 57, 28 Kasım 1967, Fakülteler Matbaas1, Istanbul.
[112] - Kırımer: Aynı eser, s. 61, Akc;ura: Aynı eser, s. 340.

[113] - Kırımer: Baz1 Hatlfalar. Emel, sayı 2, s. 6, cilt: I,Ocak 1961.

پۈل بېرەلمەيمەن» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى. ھەتتا ئىسمائىل ئەپەندىنى «كاپىر»غا چىقارغانلارمۇ بولغان ئىدى.

« تەرجىمان» تۇنجى قېتىم بېسىلغاندا 320 كىشى مۇشتەرى بولغان ئىدى. ئەمما بۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ نىسبىتى غاسپىرالىنىڭ پىداكارلىق بىلەن تىرىشىشى نەتىجىسىدە شۇنچىلىك تېز ئېشىپ باردىكى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سانى بىر قانچە يىل ئىچىدە ئالتە مىڭدىن ئاشتى. «تەرجىمان»نى قىرىمدىن باشلاپ كاۋكاسىيە، قازان، سىبىرىيە، تۈركىستان، شەرقىي تۈركىستان، ئىران، مىسىر ھەتتا ھىندىستان ۋە ئابدۇلھەمىدIIنىڭ رۇخسىت بىلەن تۈركىيەدىمۇ ئوقۇلدى.[114]

«تەرجىمان» ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە قابىلىيىتىنىڭ تۈرتكىسىدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن تۈرك دۇنياسىغا كېڭەيدى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ سانى 20 مىڭغا يەتتى.[115] تۈركچە سۆزلىنىدىغان ۋە چۈشىنىلىدىغان ھەر يەرگە تارقالدى. ھەتتا مىسىر ۋە ھىندىستانغا ئوخشاش ئۇزاق دىيارلارغىمۇ كېڭەيدى. گېزىت تۈركلەر ياشىغان جۇغراپىيەلىك مۇساپىنىڭ ئۇزۇنلىقىغا قارىماستىن، تۈرك مىللىي ھاياتى ۋە مەنپەئەتلىرىنىڭ ئۈۋۈسىغا ئايلاندى.[116] «تەرجىمان»نىڭ دېگۈدەك پۈتۈن تۈرك ـ ئىسلام دۇنياسى تەرىپىدىن قارشى ئېلىشقا ئېرىششىنى جەفەر سەيىد ئەھمەد مۇنۇ سەۋەپلەرگە باغلايدۇ:

«تەرجىماننىڭ مۇۋاپىقىيەت قازىنىشىدا، بۇ نىشان ۋە ئەمەلىيەتتىن باشقا، ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ ئۆزىگە خاس ئوچۇق ۋە قىسقا يېزىش ئۇسلۇبىنىڭ ھەم ساپ تىل قوللىنىشىنىڭ بى تەسىرى بار ئىدى. شۇنى ئەستە تۇتۇش زۆرۈركى، ئىسمائىل ئەپەندى گېزىتچىلىكتىمۇ ئالاھىدە قابىلىيەتكە ئىگە ئىدى. تۈرك دۇنياسىدا ئىدىيىلىرىنى خەلققە يەتكۈزۈشتە ۋە ئۆزلەشتۈرۈشتە ئۇ ھەقىقەتەن تەڭداشسىزدۇر.»[117]

«تەرجىمان»نىڭ تىلى تولىمۇ ساپلاشتۇرۇلغان ئوسمانلى شېۋىسى ئىدى. ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭمۇ «تەرجىمان»نى نەشر قىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم غايىلىرىدىن بىرى شۇكى، «ئورتاق ئەدەبىي تىل قوللىنىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ «تەرجىمان» گېزىتىغا ئوخشاش ئۇلۇغۋار بىر ئىش، تۈرك تىلىنى ئىسلاھ قىلىش ئېھتىياجىنى تۇغدۇرغان ئىدى.[118] «تەرجىمان»نىڭ تىلى قازاندىن كاۋكاسىيەغا، قىرىمدىن تۈركىستانغا قەدەر چۈشىنىلەتتى. بۇ ھەقىقەتەن بىر ئۇستۇن ماھارەت ئىدى. شۇنداقلا ئەڭ بۈيۈك غايىنىڭ بىرىنچىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرغان بولاتتى. يەنى بارلىق تۈركلەر ھەر يەردە بىۋاستە تىل ئالاقىسى قىلالايتتى.[119]

«تەرجىمان» گېزىتىنى شىمال تۈركلىرى چۈشەنگىنىدەك، شەرقتىكى تۈركلەرمۇ ، غەربتىكى تۈركلەرمۇ ئوقۇپ چۈشىنەلەيتتى. پۈتكۈل تۈركلەرنىڭ ئورتاق بىر تىلغا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى بۇ گېزىتنىڭ نەشر قىلىنىشىدۇر.[120]

مەشھۇر تۈرك ـ ئىسلام مەدەنىيەت ئەرباپلىرىدىن بىرى بولغان ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، «تەرجىمان»نىڭ سەھىپىلىرىدە، ئىسلام -تۈرك دۇنياسىنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە خەلقنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت تەپەككۇر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەنىدى.[121]

---

114 - Cafer Seydahmet Kırımer: Aynı1 eser, s. 62.

115 - Türk Ansiklopedisi, cilt XVÜ s. 162

116 - Pro£ Laszlo Rasonyi: Tarihte Türklük, s. 276, T.K.A.E, 1971 Ankara.

117 - Kırımer; Aynı eser, s. 63

118 - Prof. Ahmet Caferoglu: ismail Bey Gasprinski, Azerbaycan Yurt Bilgisi, cilt 2, s. 167,1933 istanbul

119 - Ahmet Agaoglu: ismail Bey Gasprinski. TürkYurdu. Sayi 12, 1330, cilt V, istanbul.

120 - Ziya Gökalp: Türkçülüğünün Esasları, s. 8

ئىسمائىل ئەپەندى «تەرجىمان»دا رۇسىيە تۈركلىرىدىن بولۇپ بارلىق تۈرك ـ مۇسۇلمان دۇنياسىغا ئائىت ئەڭ ئاكتىپ، سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، مىللىي ۋە دىنىي مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشقان ئىدى. «تەرجىمان» گېزىتى ئېگىز كۆتۈرگەن تۈرك بىرلىكى بايرىقى بىلەن سابىق روسىيە تۈركلىرىنىڭ ئويغىنىشىدا ئوينىغان رولى بىلەن رۇسىيە تۈرك مەتبۇئاتىنىڭ پېشۋاسىغا ئايلانغان ئىدى. بۇ كېيىنكى 50يىل ئىچىدە ئىشقا ئاشقان بارلىق مەدەنىي ئىشلىرىمىز «تەرجىمان»نىڭ رەھبەرلىكى بىلەن باشلانغان، شۇنداقلا «تەرجىمان»نىڭ مەنىۋى ياردىمى بىلەن كېڭەيگەن ۋە پىشىپ يېتىلگەن، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«تەرجىمان»غا نىسبەتەن باغلانغان مېھىر ۋە رىشتىنى، رۇسىيەدە ياشاۋاتقان مۇتەپەككۇر تۈركلەر، مەيلى ئەسەرلىرىدە ۋە ياكى يېزىقلىرىدا بولمىسۇن، گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشقان ئىدى. تۈركىستانلىق زىيا سەيىت ئەپەندى، «ئۆزبېك ۋاقىتلىق مەتبۇئاتى تارىخىغا ئائىت ئىسپاتلار» ناملىق ئەسىرىدە، «تۈركىستان جەدىتلىرىنىڭ «تەرجىمان»نى تولىمۇ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغانلىقلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مۇھەررىرى ئىسمائىل ئەپەندىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى، ھەتتا ئۇنىڭ ۋاپاتىدا جەدىتچىلەردىن نۇرغۇن كىشىنىڭ 30 كۈنگىچە ماتەم تۇتقانلىقلىرىنى» يازغان. [122]

قىرىملىق تارىخچىلاردىن ئوسمان ئاقچۇرا «تەرجىمان»نىڭ قىممىتىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «تەرجىمان بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىيات، مىللىي مائارىپ، مىللىي تارىخىمىز جەددىزىمنىڭ خەزىنىلىرىدۇر.» يەنە شۇ ماقالىسىدە، ئوسمان ئاقچۇرا : « رۇسىيەدە ياشىغان بىز تۈركلەر، مىللىي كىتاپچىلىق، موزىي ۋە ئاكادىمىيەلەردىن مەھرۇم قالدۇق، يېڭى دەۋرگە ئائىت يېزىق شەكلىدىكى تارىخىمىز يوق. ئەمما بىز « بۈيۈك مىللىي بايلىقىمىز بولغان 23 توملۇق تەرجىمان گېزىتى توپلاملىرىمىز بار.»[123]

«تەرجىمان»دا ئەسەر ئېلان قىلغان زىيالىي تۈركلەر، قىرىمدا يېڭى بىر ئەدەبىيات ئېقىمىنى ، «تەرجىمان ئەدەبىياتى»نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇ ئەدەبىياتنىڭ باشلامچىسى ئىسمائىل ئەپەندىدۇر. ئۇنىڭ «تەرجىمان»دا ئېلان قىلىنغان « Darulrahat Musulmanları» «Arslan Kız» «Kadınlar ülkesi » قاتارلىق ھىكايىلىرى، ئوسمان ئاقچۇرانىڭ «Nenkecan Hanım Türbesi»، سەيىد ئابدۇللا ئۆزباشنىڭ «Olacağa çare olmaz» دىرامىسى، ھەسەن سەبرى ئايۋازنىڭ « نېمە ئۈچۈن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدۇق؟»دىرامىسى ۋە باشقىلار...[124] بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەممىسىنىڭ «غاسپىرالى تىلى»دا يېزىلىشىدۇر. « تەرجىمان»دا ئەدەبىياتنىڭ بارلىق ژانىرلىرىدا ئەسەر ئېلان قىلىناتتى، غاسپىرالىنىڭ باشلامچىلىقىدا شەكىللەنگەن ئېقىم مەزكۇر گېزىتنىڭ زور تۆھپىلىرىدىن ھېسابلىناتتى، تەرجىمانغا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان غاسپىرالىغا ئوخشاش ئوت يۈرەك زىيالىلارنىڭ تۈرتكىسىدە قىرىم تۈركلىرى 1917 ـ يىلىغا كەلگەندە بارلىق قىرىم مەكتەپلىرىنىڭ52%نى تەشكىل قىلىدىغان 360 مىللىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇلىدىغان مىللىي ئەدەبىيات دەرسلىكىگە ئېرىشكەن ئىدى.[125]

---

[121] - Buhara Cumhuriyeti'nin Teekki.ili.i. Yeni Ti.irkistan, Sayı 39, s. 6, yil 5, Eyli.il 1931, istanbul.

[122] - Ziya Sait: Ozbek Vakitli Matbuat-1 Tarihine Vesaik. 1927 Takent; Gaspıralı ismail Bey. Ya Türkistan, nu: 41, Nisan 1933.

[123] - Osman Akiorakh: Milli Hazinemiz. Tercüman, nu: 202, 1915 Bah.,:esaray, Km- mal: Kmm Türklerinin Milli Kurtuluş Hareketi. Dergi, sayı: 47, s. 63,1967, Münih.

[124] - Abdullah Battal TAynıas: Eski ve Yeni Kmm Türk Edebiyat1 Ü, Türk Yurdu, cilt, 6, s. 26, sayı, 1 Ocak 1967.

[125] - Cafer Seydahmet Kırımer: Kmm ve Kmm Türkleri, Türk Yurdu 1328, s. 573, istanbul.

« تەرجىمان»نىڭ تۈرك دۇنياسىدا ئۇنۋېرسال بىر گېزىت ھالىتىگە كېلىشى ئۈچۈن ، ئىسمائىل ئەپەندى زور كۈچ سەرپ قىلغانىدى ، ھەتتا ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇشۇ ئىشقا ئاتىغان دېيەكمۇ مۇبالىغە قىلىۋەتكەن بولمايمىز. بىر تەرەپتىن رۇس مىسسىيونېرلىرىنىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن نادان تالىپلارنىڭ ئېغىر تەنقىتلىرىگە ئۇچرىغان ئىسمائىل ئەپەندى، ھەر ئىككى مۇخالىپ گۇرۇپپىغا «تەرجىمان»دا تېگىشلىك ساۋاق بەردى. بۇ مىسسىيونېرلاردىن قىرانلىكى غەيرى رۇس مىللەتلىرى ئۈچۈن ئېچىلغان مەخسۇس سېمىنارىيەنىڭ مۇدىرى ئىلمىنىسكي:«ئىسمائىل ئەپەندى ۋە تاتار مۇتەپەككۇرلىرى رۇسىيەدىن ئەسكىرىي ھۇقۇق ۋە ئەركىنلىك تەلەپ قىلىپ كۆز بوياپچىلىق قىلماقتا، ھەمدە بىر قىسىم رۇسلارنىمۇ ئۆزلىرىگە مايىل قىلماقتا.»دېگەن ئىدى. پىروفېسسور ماشانوۋ، ئاستىراموفقا ئوخشاش مىسسىيونېرلارمۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسمائىل ئەپەندى ۋە «تەرجىمان» ئۈستىدىن رۇس ھۆكۈمىتىگە شىكايەت قىلغانىدى تۈركلەرنى ئويغىتىش ھەركىتىگە خاتىمە بېرىلىشىنى ۋە بۇنىڭ باشلامچىسى بولغان ئىسمائىل ئەپەندىنىڭمۇ جازاغا تارتىلىشىنى ئۈمىت قىلاتتى. مىسسىيونېرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رۇس مۇستەملىكىچىلىرىمۇ ئىسمائىل ئەپەندىگە ۋە «تەرجىمان»غا ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقان ئىدى. ھەتتا «Noviya Vremya»ئىسمائىل ئەپەندىنى «تۈركىيەنىڭ بىر جاسۇسى»غا چىقارغان ئىدى.[126] قىرىمدا رۇس ئاھانلىق قوغداش كۈچلىرىمۇ ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنى ھۇجۇم نىشانى قىلىپ، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەركىتىگە دىققەت ـ ئېتىبارىنى مەركەزلەشتۈرگەن ئىدى.

1914 ـ يىلدىكى چار ئەسكەرلىرى قىرىم دائىرىسىنىڭ بەزى جايلىرىدا ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى:« ئىنچىكە تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىشلەردىن مەلۇم بولدىكى، ئىسمائىل غاسپىرالى ۋە تەرجىمان گېزىتىنىڭ تەھرىرى بولغان زىيالىلار قىرىمنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قىرىم مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۈركىيەگە ياردەم قىلىشىنى، تۈرك پۈقرالىرىنى يوشۇرۇش ھەققىدە مەخپىي باياناملەر ۋە تەشۋىقاتلارنى يولغا قويغان ئىدى.»[127]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ دىن ساھەسىدىكى بىر قىسىم نادان كىشىلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ۋە ئالاھىدە بولغىنى گىلمان كەرىم بىلەن بولغان كۈرىشىدۇر. «تەرجىمان»نى ، «دىنغا كۇفرى» دەپ قارىغان تالىپلاردىن، ئەينى ۋاقىتتا قاران ئۆلىمالىرىدىن بولغان گىلمان كەرىمى، ئوغلىنىڭ قولىدا «تەرجىمان»نى كۆرۈپ، قاتتىق غەزەپكە تولىدۇ ۋە ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىگە كېلىدۇ. كېيىن ئەسلى ئۆلتۈرۈلىشكە تېگىشلىك بولغىنى، گېزىتنى چىقارغان ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، باغچە سارايغا ئىسمائىل ئەپەندىنى ئۆلتۈرۈشكە كېلىدۇ. قارىغۇلارچە ئەگەشكۈچىلەردىن بولۇشقا قارىماي، ئەقىللىق ۋە تەپەككۇرى ياخشى بىر ئۆلىما بولغان گىلمان كەرىمى، ئىسمائىل ئەپەندى بىلەن بولغان ئۇزۇن سۆھبەتتىن كېيىن، قارانغا «تەرجىمان»نىڭ كۈچلۈك ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى بولۇپ قايتىدۇ ۋە ئوغلىنى ئىستانبۇلغا ئىلىم ـ تەھسىل ئۈچۈن ئەۋەتىشكە تۇتۇش قىلىدۇ. كېيىنچە ئوغلى يەنە باراندا «ۋاقىت» گېزىتىنى چىقىرىپ ، مەشھۇر ئەدىب ۋە ئىنقىلابچىلاردىن بىرىگە ئايلىنىدۇ.[128]

تۈرك دۇنياسىدا ئەڭ كۆپ ئوقۇلىدىغان گېزىت بولغان «تەرجىمان» ، 1905 ـ يىلىغا قەدەر رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ بىردىنبىر نوپۇزلۇق گېزىتىگە ئايلىنىپ ، 1918 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىگە قەدەر 35 يىل ئۈزۈلۈكسىز نەشر قىلىنىدۇ.

---

126 - ilber Ortaylı: Çarlık Rusyada Türkçülük Hareketleri ve Gaspıralı ismail Bey.
127 - Kemal Ortayh: ismail Bey Gaspıralı Kim idi? Birleik Kafkasya Nu: 15, s. 13, Ekim 1952, Münih.
128 - Cafer Seydahmet Kırımer, Gaspıralı ismail Bey. S. 47, Av. Nurettin Altug Gaspıralı ismail Bey. Emel, sayı 24 s. 18, Ekim 1964 istanbul.

**رۇسىيەدىكى تۈركلەرنىڭ تۈرك بولۇپ تۇرىشىدا، 35يىل ئۈزلۈكسىز نەشىر قىلىنغان «تەرجىمان»نىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئويغۇتۇلغان تۈرك روھى، كېيىنچە يۈسۈف ئاقچۇرانىڭ پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە، نامىك كامالنىڭ تىرشچانلىقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، تۈركىيەدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. «تەرجىمان» بىلەن ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، مەيلى تۈركىيە ۋە ياكى رۇسىيە تۈركلىرى ئىچىدە بولسۇن مۇھىم ئورۇن تۇرىدىغان شەخستۇر.**

**ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى «تەرجىمان» بىلەن «تىلدا، ئىدىيەدە ۋە ئىشتا بىرلىككە كېلىش» شۇئارىنىڭ تۇنجى ئىككىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان. ئۈچىنچىسىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە«تەرجىمان»نىڭ ستونلىرى ئارقىلىق كۆپ تىرىشقان ئىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ مىللەتچىلىك روھى، ئىسمائىل ئەپەندىدىن ئوزۇق ئالغاندۇر.»**

## ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى ۋە ئۇسۇلى جەدىد

بىزلەر ئۆلۈپ كېتىمىز، ئەمما مىللىي مائارىپ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ.

ـ ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى

قىرىمنىڭ رۇسلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشىدىن بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، بۇ تۇپراقلار ئۈستىدە كۆرۈلگەن ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىك جاھالەت، شۇنداقلا ھېچقاچان يوق قىلىۋېتىلمىگەن تۈركلەرنى، تېرىتورىيە سىياستى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان قىرىمدىن يوقىتىش ۋە ياكى ھېچ بولمىسا ئۆزلىرىگە نىسبەتەن «بىخەتەر» ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىققان ئىدى. بۇ چارە شۇ ئىدىكى: تۈركلەرنى تەرەققىي قىلىۋاتقان مەدەنىيەتلەرىن خەۋەرسىز قالدۇرۇش، دىنىي ئىتقادلىرىنى قارىغۇلارچە چوقۇنۇشقا ۋە باتىللىققا قاراپ يۈزلەندۈرۈش، قىسقىسى قىرىم تۈركلىرىنى «جاھىل» ھالەتتە قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. چار ھۆكۈمەتلىرى، بۇ غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال تۈرك مائارىپىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تۈرك مائارىپىغا ئېتىبار بېرىشمىدى، ماددىي ياردەملىرىنى توختاتتى. مەدرەسىلەرگە تەرەققىي قىلىش يۆنىلىشىدىكى ئىلىملەرنىڭ كىرىشىنى مەنئىي قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇغان تۈرك پەرزەنتلىرى ئەقىل ـ پاراسەتلىرىنى قارىغۇ قىلىش ئارقىلىق قىرىمنىڭ ھەر تەرىپىگە چالا ئۆگەنگەنلىرىنى تارقىتىشقا باشلىدى. جاھالەت بىر ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاش قىرىمنى قاپلىدى. بۇ ئاچچىق ئەھۋالنى ھىس قىلىپ يەتكەن ئويغاق تۈرك زىيالىيلىرى بۇ ئەھۋالنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشقان بولسىمۇ، بۇلار بىر ئۆمۈچۈك تورىغا ئىلىنىشىپ قالغان بىر كىچىك پاشىغا ئوخشاپ قالدى. قىرىم تۈركلىرىنىڭ مىللىي مائارىپى رۇسلارنىڭ رەزىل سىياسەتلىرى نەتىجىسىدە زاۋالىققا يۈز تۇتۇۋاتقان ئىدى، قىرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلگەن بۇ ئەھۋالدىن باشقا تۈرك دۇنياسىمۇ نىسۋېسىنى ئېلىشقا باشلىدى.

چارلارنىڭ بۇ سىياستىنىڭ نەتىجىسىدە، رۇسيە تۈركلىرى ئارىسىدىكى ئوقۇرمەن ۋە يازغۇچىلارنىڭ سانى، ئومۇمىي تۈركلەر سانىنىڭ 5% گە چۈشۈپ قالغان ئىدى.[129] « ھۆكۈمران بىر مىللەتنىڭ مەھكۇم بىر ھالغا كېلىشى، مەھكۇم بولغان بىر مىللەتنىڭ يوقىلىشى ـ مىللىي مائارىپىنىڭ يوقىلىشىدىن باشلىنىدۇ.»[130] دېگەن ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، جاھالەتكە ۋە جاھالەتنى پەيدا قىلغانلارغا قارشى كۈرەش بايرىقىنى تۇنجى قېتىم قىرىمدا كۆتۈرگەن ئىدى. ئۇ شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، رۇسيە تۈركلىرىنىڭ مائارىپى تولۇق مەناسى بىلەن تەرەققىي قىلغان غەرب مەدەنىيىتىگە ماس ھالدا ئىلگىرىلىگەن بولسا، تۈركلەر بىرلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن بولاتتى.

ئەسلىدە «شەرىق قەۋىملىرىنى چېچىلاڭغۇلۇقتىن ۋە زۇلمەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئاساسلىق يولىنى مائارىپتىن ئىزدەش كېرەك ئىدى.»[131] رۇسيە تۈركلىرى رۇسيەدە سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللىنىشى ئۈچۈن مائارىپ ساھەسىدە غەربكە ئەگەشكەن ھالدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش شەرت ئىدى. ئەسلىدىكى قالاق ئوقۇتۇش شەكلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى، ياۋرۇپانىڭ ئىلغار تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلى قوبۇل قىلىنىشى كېرەك ئىدى. ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ نەزىرىدە، مائارىپ ـ مۇسۇلمان جەمئىيىتىنى قوغداش ۋە تۈرك نەسلىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مىللىي روھىنى يېتىلدۈرۈش، ھەم ئۇلارنىڭ

129 - Kemal Ortaylı: Ismail Bey Gaspıralı Kim? Birleşik Kafkasya, s. 13, sayr 15, Ekim 1952, Münih

130 - Cafer Seydahmet Kırımer: Gasprrah Ismail Bey, s. 104

131 - Prof. Laszlo Ritsonyi: Tarihte Türkli.ik. T.K.A. E. s. 275,1971 Ankara.

بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تاتارلارنىڭ قوللانغىنىغا ئوخشاش بىر قورال ئىدى. خۇلاسىلىغاندا، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى مائارىپقا ۋە يېڭىدىن ئىسلاھ قىلىنغان مەكتەپلەرگە قارىتىلغان ئىدى. [132]

پەقەت گېزىتچىلىك ۋە يېزىقچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، مىللىي مەكتەپلەردە، شۇتسىيەلىك پىداگوگ ھېنرىك پېستاللوزىنىڭ پىداگوگىكا سىستېمىسىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان يېڭى «ئۇسۇلى جەدىد» تەلىم ـ تەربىيە مېتودى بىلەن 1884 ـ يىلى بۇ مەكتەپلەرنى ئىسلاھ قىلىشنى باشلىدى. [133] «ئۇسۇلى جەدىد» ، يېڭى يول دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيتتى. يۈسۈف ئاقچۇرا «ئۇسۇلى جەدىد»نىڭ ماھىيىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

« تۈرك مىللىتىنىڭ پەرزەنتلىرىنى تېز، قولاي ۋە مىللىي روھ بىلەن يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان بىر ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلەپ چىقىش لازىم. بۇ زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن شىمال تۈركلىرىدە«ئۇسۇلى جەدىد» مەكتەپلىرى بارلىققا كەلدى. «ئۇسۇلى جەدىد» تەبىرى ئوسمانلى تۈركچىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ تەبىر ئۇ زامانلاردا ئىستانبۇل ھەيئىتى تەرىپىدىن قوللىنىلغان تەبىرلەردۇر. « ئۇسۇلى جەدىد» ، ئاۋۋال تەلىم ـ تەربىيە شەكلىدەك كۆرۈنسىمۇ، بارغانسېرى ئۇمۇملىشىپ پۈتۈن مىللەت ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىققا ئايلىنىدۇ.»[134]قازانلىق تەتقىقاتچى ئابدۇللا باتتال تايماس بولسا، « ئۇسۇلى جەدىد»نى مۇنداق ئىزاھلىغان:

« تۈرك پەرزەنتلىرىگە ئۇ زامانلاردا غەرب دۇنياسىدا كونا ھېساپلانغان يېزىقنى، بىزگە نىسبەتەن جەدىد(يېڭى) ھېساپلانغان ئۇسۇل بىلەن تەلىم ـ تەربىيە سۈپىتىدە باشلانغان ئۇسۇلى جەدىد ھەرىكىتى، كېيىنچە ئوخشىمىغان زامانلاردا رۇس ئىشغالىيىتىدە بولغان ۋە چارلارنىڭ جاھالەت تەرەپدارلىرىنىڭ باشقۇرىشى ئاستىدا ئۇزۇن ۋاقىت ئىلىم ئېلىشتىن مەھرۇم قىلىنغان تۈرك قەۋىملىرىنىڭ مائارىپ ۋە مەدەنىيەت داۋاسىغا ئايلانغان ئىدى.»[135] ئۇسۇلى جەدىد مەيلى ئوسمانلى تۈركلىرى ۋە ياكى شىمالدىكى تۈركلەر ئارىسىدا بولسۇن، ھەقىقى مەنىدىكى غەرب ئىلىم ـ پېنىنى، غەرب ئۇسلۇبىدىكى مائارىپ ۋە تەلىم ـ تەربىيەنى، غەربنىڭ تۇرمۇش ئۇسلۇبىنى ئۆزلەشتۈرۈش، قىسقا مۇددەت ئىچىدە غەربلىشىش دېگەنلىك ئىدى. [136] بۇ دۇنيادا ئۇسۇلى جەدىد»ھەرىكىتىنىڭ بىر باشلامچىسى، بىر قەھرىمانى بار ئىدىكى، ئۇ بولسىمۇ قىرىملىق تۈرك مىللەتچىسى ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىدۇر. »

ئىسمائىل ئەپەندى «ئۇسۇلى جەدىد» ھەرىكىتىنىڭ زۆرۈرلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«ئىنسانىيەت ھەقىقەتنى ۋە سائادەتنى ھېچبىر زامان تاپالمايدۇ، ئەمما بۇ ھەقىقەت ۋە سائادەت يولىدا ئىزدەنگەنلەرگە ياردىمى بولىدىغان بىر نەرسە بار. بۇ خۇددى قاراڭغۇلۇقتىكى چىراق نۇرىغا ئوخشايدۇ، بۇنى مائارىپ ۋە ئىلىم ـ پەن دەپ ئاتىشىدۇ. مائارىپ ئىنساننىڭ پىكرىنى ئىلغارلاشتۇرۇپ، ئەقلىنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، پاراسەتلىك قىلىدۇ. بىر ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە پاراستى ئاشسا كۈچى ۋە بايلىقىمۇ ئېشىپ بارىدۇ.»[137]دېيىش ئارقىلىق ، مائارىپنىڭ ئەھمىيىتىنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇتۇشقا

---

132 - Serge A. Zenkovskof: Rusya'da Pan-Türkizm ve Muslumanhk, s. 53. 1971 Ankara (Prof. izzet Kantemir

133 - Dr. Edige Kmmal: ismail Bey Gaspıralı, Dergi, sayı 62, s. 63, Münih, 1970.

134 - Yusuf Akçura: Türk Yılı s. 340; Abdullah Battal TAynıas: Türk Dunyasmda Usulu- cedit Hareketi. Türk Kulturu (Egitim sayıs1) sayı: 18, s. 119 Ank

135 - Abdullah Battal TAynıas: Kazan Türkleri, s. 161, T.K.A.E., 1966 Ankara.

136 - Yusuf Akçura; TürkY1h. s. 341

137 - Abdullah Battal TAynıas: Türk Di.inyasmda Usuli.icedit Hareketi. Türk Ki.ilti.iri.i (Egitim sayıs1), sayı 18, s. 119, Nisan 1964, Ankara.

تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن ئىسمائىل ئەپەندى، بۇلارغا ماس ھالدا رۇسىيەدىكى تۈرك مەكتەپلىرىدىنمۇ مىسال كۆرسىتىش ئارقىلىق، رۇسىيەدىكى تۈرك مائارىپىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

« 1881 ـ يىلى توپلىغان مەلۇماتىمغا ئاساسەن، رۇسىيە تۈركلىرى ئوقۇيدىغان 16مىڭ كىچىك مەھەللە مەكتىپى، 214 مەدرىسى ـ ئەرەبىيە بار بولۇپ، بۇ 16 مىڭ مەكتەپتە يېرىم مىليون ئەتراپىدىكى تۈرك پەرزەنتلىرىنىڭ بەش يىل ئۆمرى زايە قىلىنىپ، ئۇلارغا بەش قۇر ئەتراپىدىكى ئاددىي خەت ـ چەكنىمۇ يازالىغۇدەك سەۋىيىدە تۈركچە ئۆگىتىلمىگەنلىكىنى، پەقەت قۇرئان قىرائەت قىلىشنى، ناماز قائىدىلىرىنى ئۆگىتىش بىلەنلا چەكلەنگەنلىكىنى كۆردۈم. بۇ مەھەللە مەكتەپلىرى قارىماققا دىنىي شەرھىي قازىي ـ كالاملارنىڭ باشقۇرىشىدا ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ھېچكىممۇ ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بەرمىگەن ئىدى.»[138] بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئۈستىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى ئويلىغان ئىسمائىل ئەپەندى باشلىغان «ئۇسۇلى جەدىد» ھەركىتىنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن پىرىنسىپى ۋە غايىلىرى مۇنداق ئىدى:

1) مەكتەپلەر ۋە مەدرىسلەر ئىككىگە ئايرىلىدۇ.
2) باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئوقۇتقۇچىلىرى بولىدۇ.
3) ئوقۇتقۇچىلار «سەدىقە» ئەمەس، مائاش ئالىدۇ.
4) ساۋات چىقىرىش تەربىيەسى، بۇرۇنقىغا ئوخشاش قارىغۇلارچە «ھەجىلەش» شەكلى بىلەن ئەمەس، يېڭىچە ئېلىپبە كىتاپلىرىدا كۆرسىتىلگەن «ئۇسۇلى ساۋتىيە» ۋە ياكى «ئۇسۇلى مەدىيە» بىلەن باشلىنىپ، قولايلىق يارىتىلىدۇ.
5) پەقەت ئوقۇشقىلا ئەمەس، يېزىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.
6) قىز بالىلار ئۈچۈنمۇ ئايرىم باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ ساۋادى چىقىرىلىدۇ ۋە ئىلىم ئۆگىتىلىدۇ.
7) تەلىم ـ تەربىيە بىر پىروگىراممىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەر ياش باسقۇچىدىكىلەرگە نىسبەتەن مۇناسىپ دەرسلىك قوللىنىلىدۇ.[139]

يېڭىچە مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار ئەرەپ يېزىقى ئېلىپبەسىنىڭ ئوقۇلۇشىنىڭ ئورنىغا فونېتىك قوللىنىلدى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇتۇش مېتودى پەقەت رۇسىيە تۈركلىرى ئارىسىدىلا كېڭىيىپلا قالماي، شەرقىي تۈركىستان، ئىران ۋە ھىندىستان چېگرىلىرىدىمۇ قوللىنىلغان ئىدى.

غاسپىرالى قۇرئاننىڭ ئوقۇتۇلۇشىنى ۋە مۇسۇلمانلىقنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى، بۇ مۇسۇلمان مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىك پىروگىراممىسىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ماتېماتىكا، تارىخ ۋە جۇغراپىيىگە ئوخشاش «دۇنياۋى» پەنلەرنى قوشقان ئىدى.[140]

بۇ پىرىنسىپلارغا ئۇيغۇن تۇنجى ئۇسۇلى جەدىد مەكتەپلىرى 1884 ـ يىلى باغچە سارايدا ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى تەرىپىدىن ئېچىلدى. ئوقۇتۇلىدىغان ئېلىپبە، ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ تەييارلىغان «ھەجىلگۈچى بالىلار» ئېلىپبەسى، مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بولسا ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى يېتىشتۈرگەن بەكىر ئەمەكتار ئەپەندى قاتارلىق مۇئەللىملەر ئىدى. مەكتەپنىڭ تۇنجى ئېچىلىشىنى باغچە سارايلىقلار ئانچە قوللاپ كەتمىگەن ئىدى. تۇنجى قېتىمدا پەقەت ئون ئىككى نەپەر بالا تىزىمغا ئالدۇردى، ھەمدە دەرھال ئوقۇش باشلىغان ئىدى. ئىسمائىل ئەپەندى، كۈندە تۆت سائەتتىن ئوقۇتۇپ، 45 كۈندە بۇ بالىلارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىپ بولدى. ئوقۇش پۈتكەندە باغچە

---

[138] - Ismail Gaspıralı: Terakki Risalesi 1881, Akmescit; Kırımer, Gasplfah Ismail Bey, s.105.

[139] - Abdullah Battal TAynıas: Karan Ti.irkleri, *s.* 162, T.K.A.E. 1966, Ankara.
[140] -Serge A. Zenkovsky: Rusya'da Pan-Türkizm ve Müslümanhk, s. 54, 1971 Ankara (c;:ev. Prof. izzet Kantemir)

ساراي ئاھالىسىدىن 200 كىشىگە تەكلىپ ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاران 30 كىشى كەلگەن ئىدى. كەلگەنلەردىن بەزىلىرى بۇ بالىلارنىڭ بۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ساۋادى چىقىقانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالالمىغان ئىدى.[141]بۇ مۇۋاپىققىيەت ناھايىتى تېزلا تۈرك يۇرتلىرىغا تارىلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە، باغچە سارايدىكى ئۆلگىلىك مەكتەپتە «ئۇسۇلى جەدىد» ئۆگىنىش ئۈچۈن رۇسىيەنىڭ ھەر قايىسى جايلىرىدىن 80گە يېقىن ئوقۇتقۇچى كەلدى ۋە 1914 ـ يىلى بەش مىڭغا يېقىن مەكتەپ يېڭىدىن ئېچىلدى.[142] كېينچە باغچە سارايغا كەلگەن ئوقۇتقۇچى ۋەكىللىرى، ئىسمائىل ئەپەندىدىن دەرس ئېلىش بىلەن بىرگە، ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ «ئۇسۇلى جەدىدى»گە مۇناسىۋەتلىك ئوقۇشلۇق ۋە دەرىسلىك كىتاپلىرىنى ئېلىپ رۇسىيەنىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىگە تارقاشقان. شۇنداق قىلىپ، رۇسىيەدە جاھالەتكە قارشى كۈرەش بارلىققا كەلگەن ئىدى.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە قىرىمدىن باشلانغان ئىلگىرلەش ۋە پىشىپ يېتىلىشكە يۈزلەنگەن بۇ ھەرىكەت پۈتكۈل تۈرك دۇنياسىغا تارقىلىپ، تۈركىستانىنىمۇ قاپلاشقا باشلىغان ئىدى.[143] ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، « ئۇسۇلى جەدىد» ھەركىتىنىڭ رۇسىيە تۈركلىرى ئۈستىدىكى ئىپادىلىرىنى كۆزىتىش مەقسىدى بىلەن ھەر قايىسى تەرەپلەرگە بارغان. ئۇنىڭ بۇ سەپەرلىرى «ئۇسۇلى جەدىد»نىڭ ھەركەتلىرىنى تېزلەشتۈرگەن.

قىرىمدا مەكتەپلەرنىڭ 52%نى تەشكىل قىلغان 360 مەكتەپ «ئۇسۇلى جەدىد»نىڭ پىرىنسىپلىرى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان. كاۋكاسىيە رايونىدا تۇنجى «ئۇسۇلى جەدىد» مەكتىپى 1890 ـ يىلى ستقى سەفەرئوغلى ئىسىملىك بىر زىيالىي تەرىپىدىن ئوردۇبادتا ئېچىلغان ستقى سەفەرئوغلى يەنە 1894 ـ يىلى نەھچىۋاندا «تەربىيە» نامى ئاستىدا بىر ئۇسۇلى جەدىد مەكتىپى ئاچقان. ستقى سەفەرئوغلى باشلامچىلىق بۇ ھەرىكەت ئەزەربەيجاندىمۇ تېز سۈرئەتتە كېڭىيىشكە باشلىغان. «ئۇسۇلى جەدىد» مەكتەپلىرىنىڭ ئېچىلىشىدا ياردىمى يەتكەن كاۋكاسىيە ۋە ئەزەربەيجان زىيالىلىرى ئىچىدە : « باكىخانلى، مۇزا، فەتخالى ئاخۇنزادە، ھاسان باي زەردابى، سېيىت ئەزەم، شائىر سابىرى قاتارلىقلار.» بايلار ئىچىدە بولسا « ھاجى زەينەل ئابىدىن تاغى، شەمسى ئەسەدۇللا قاتارلىقلار»غا ئوخشاش ياردەم سۆيەرلەر بار ئىدى.[144]

ئەزەلدىن تارتىپ دۇنيا تۈرك مىللەتچىلىكىنىڭ ئەڭ قەدىمىي « مەدەنىيەت ماكانى» بولۇپ تونۇلغان قازان، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «ئۇسۇلى جەدىد» ھەركىتى ئەڭ تېز ۋە ئەڭ ئاسان ئېلىپ بېرىلغان تۈرك رايۇنىدۇر.

« ئۇسۇلى جەدىد» قازاندا قارشى ئېلىنىپلا قالماستىن، بەلكى قازاندىكى بىلىم ئىگىلىرى تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلغان ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە تېخىمۇ ماس ھالدا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان. يەنە « ئۇسۇلى جەدىد» مەكتەپلىرى ئۈچۈنمۇ دەرىسلىك كىتاپلىرى يېزىلغان. بۇ كىتاپلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرى ئا.ھادى مەقسۇدى يازغان «مۇئەللىمى ئەۋۋەل» ۋە «مۇئەللىمى سانىي»دۇر.[145] باشقا مۇھىم دەرىسلىك كىتابلىرىنىڭ يازغۇچىلىرى « شاھىرجان تاھىرى، رىزائەددىن فەخرىددىن ئوغلى ۋە داڭلىق پىداگوگ، يازغۇچى، ئۇستاز ئالىمجان بارۇدى قاتارلىق مۇئەللىپلەرمۇ بار.»[146]

---

[141] - Serhard Von Mende; Der Nationale Kampf der Rustandtürken: s. 61, 1936 Berlin; Serge A. Zenkovsky; Rusya'da Pan-Türkizm ve Müslümanhk, s. 54, 1971, Ankara (c;:ev. Prof. izzet Kantemir)
[142] - Kırımer:Aynı eser, s. 106.
[143] - Armin, Vambery: VVestlucher Kultureinfluss im Osten s. 296, 106 Berlin; Dr. Edige Kmmal: Kmm Türklerinin Milli-Kurtulu Hareketi. Dergi, sayı 47, s. 63, Münih 1967.
[144] -Abdullah Battal TAynıas: Türk Dünyasmda Usul-ü Cedit Hareketi, Türk Kültürü, sayı 18, s. 121.

[145] - Abdullah Battal TAynıas: iki Maksudiler s. 58,1959, Istanbul.
[146] - Abdullah Battal TAynıas: Karan Türkleri, s. 118, T.K.A.E, 1966, Ankara.

« تۈركىستاندا ئۇسۇلى جەدىد ھەركىتى ئاستا تارقىلىشقا باشلىغان ئىدى. باغچە سارايدا تۈنجى ئۇسۇلى جەدىد مەكتىپى ئېچىلغاندىن كىيىن، تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 80گە يېقىن موللا ۋە ئوقۇتقۇچى ئۇسۇلى جەدىدنى تەھسىل قىلىپ ۋە باشقۇرۇش تەرتىپلىرىنى ئۆگىنىپ، مۇتالىئە قىلماقچى بولغان پەننىي كىتاپلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى.» غاسپىرالى ئىسمائىل سۆزلىرىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيادىن سادا چىقمىدى، ھەركەتمۇ باشلانمىدى. 1893 ـ يىلىدا ئۇ يەرلەرگە باردىم.»[147] تۈركىستاندا تۇنجى مۇنتىزىم « ئۇسۇلى جەدىد مەكتىپى مەرىپەتپەرۋەر زات قارى ئابدۇرەشىد تەرىپىدىن ئېچىلغان.[148] بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىككىنچى «ئۇسۇلى جەدىد» مەكتىپى سەمەرقەنتتە خوجا مەھمۇد بەھبۇدى تەرىپىدىن ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ئىدى.[149] بۇخارادا بولسا تۇنجى «ئۇسۇلى جەدىد» مەكتەپلىرىنىڭ ئېچىلىشىغا باشلامچىلىق قىلغانلاردىن موللا جورابايى بىلەن 1900 ـ يىلى قايى ئوغلى، تۇنجى « ئۇسۇلى جەدىد» مەكتەپلىرىنى ئاچقان بولسىمۇ، چارروسىيەنىڭ مەخپى ساقچىلىرى ۋە مۇتەئەسسىپ توسقۇنلۇق قىلىشى نەتىجىسىدە غەلبە قىلالمىغان ئىدى. كىينچە يەنە يوشۇرۇن قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن «ئۇسۇلى جەدىد» مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچى بولغان ئوسمان خوجا ئوغلى ۋە مۇقەممەلەتتىن بايغا ئوخشاش بۇخارالىق مەرىپەتپەرۋەر تۈرك زىيالىيلىرى بارلىققا كەلگەن. [150] تۈركىستاندا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلغان «ئۇسۇلى جەدىد» مەكتەپلىرى ئوقۇتقۇچى ئېھتىياجىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدى. « ئىشتا بىرلىككە كېلىش»ئىدىيەسىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئىشقا ئاشۇرۇلغان روسىيە تۈركلىرى بۇ ئېھتىياجنى قاندۇرۇشتى. بۇ جەرياندا كاۋكاسىيەدىن، ئەزەربەيجاندىن ۋە قازاندىن تۈركىستانغا پىدائىي ئوقۇتقۇچى بولۇپ بارغان تۈرك ياشلىرى، «ئىشتا بىرلىككە كېلىش» ئۈچۈن ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىگە ۋە پۈتۈن تۈرك دۇنياسىغا ئۈمىت بېرىشتى.

«ئۇسۇلى جەدىد» مەكتەپلىرىنىڭ روسىيەدە خۇددى بىر قار پومزىكىگە ئوخشاش چوڭىيىپ، كەڭ بىر دائىرىگە تارقىلىشى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئىدى. ئىسمائىل ئەپەندىگە تۇنجى تەكلىپ ھىندىستاندىن كەلگەن ئىدى. 1910 ـ يىلى ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىغا «ئۇسۇلى جەدىد» مەكتەپلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ھىندىستانغا بارغان ئىسمائىل ئەپەندى، بومبايدا تۇنجى «ئۇسۇلى جەدىد» مەكتىۋىنى ئاچقان ۋە بۇ مەكتەپنىڭ ئىككى ئايلىق خىراجىتىنى «تەرجىمان»دىن كىرىم قىلىنغان پۇلدىن ئاجرىتىپ بەرگەن .[151]

« ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ بۇ يولدىكى پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە، مەكتەپلەر ئىسلاھ قىلىنىپ، مىللىي ئەدەبىيات راۋاجلاندۇرۇلغان ۋە كۈچلەندۈرۈلگەن. ھەمدە يۈزلەرچە تاتار ياشلىرى رۇس ئونىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇشقا باشلىغان ئىدى.»[152]دېگەن مەشھۇر ماجار تۈرك ئوغلى ۋامبەريي، تولىمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگەرگەن روسىيە تۈركلىرىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختالغان.

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ «ئۇسۇلى جەدىد»نى يولغا قويۇش جەريانىدىكى دۈچ كەلگەن ئەڭ كۈچلۈك قارشىلىق ۋە توسقۇنلۇق مۇتەئەسسىپ تالىپلاردىن كەلگەن ئىدى. نادان تالىپلار تولىمۇ قەتئىي ۋە ئىرادىلىك بولغان ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ تىرىشچانلىقلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىش غەرىزىدە قوللىرىدىن كەلگەن پۈتۈن يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشتى، ھەتتا بىلىپ ـ بىلمەستىن رۇسلارغا ياردەم بەردى. ئۆلىمالاردىن سانىلىدىغان بۇ تالىپلارنىڭ بەزىلىرى ئىسمائىل ئەپەندىنى «كاپىر»غا،

---

[147] - Cafer Seydahmet Kırımer: Aynı eser, s. 108.
[148] - Münevver Kari Abdürreit: Türldstan'da Usul-ü Cedit. Ya Türkistan, sayı 41, Ni- san 1933. Prof. ibrahim Yarkm: Türkistan'da "Yeni Usul" Ogretiminin Kurucusu ve Milliyeti Rehber Münevver Kari. TürkKültürü Aratirmalan, Y1l 2, s. 161, sayı 1-2, T.K.A.E., 1965, Ankara Em. Kur. Yarb. Hüsamettin Tuga<;: Bir Neslin Dram1, s. 150, 1966, Ankara.
[149] - Abdullah Battal TAynıas: Kazan Türkleri, s. 162.
[150] - Buhara Cumhuriyeti'nin Teekkülü, Yeni Türkistan, sayı39, s. 6, y115, Eylül 1931, istanbul.
[151] - Cafer Seydahmet Kırımer: Aynı eser, s. 115.
[152] - Armin Vambery: Westlicher Kulturcinfluss im Osten. S. 296, 1906. Berlin, Dr. Edige Kmmal. Kmm Türklerinin Milli-Kurtulu Hareketi, Dergi, sayı, 47, s. 63, Münih 1927.

يەنە بەزىلىرى بولسا «دىنسىز»غا چىقىرىشقان ئىدى. بولۇپمۇ ئىسمائىل ئەپەندىنى ئىسلامىيەتنىڭ دۈشمىنى قاتارىغا چىقارغان تونتار مۇددەرىسى ئىشمەھمەد ھەزرەت بىر ئەسىرىدە «غاسپىرالى مېنىڭ نەزىرىمدە كاپىردۇر، چۈنكى «ئۇسۇلى جەدىد»نى يولغا قويدى.»[153] دەپ يازىدۇ. پىروفېسسور فۇئات كۆپرۈلۈ، بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«...ئەسلىدىكى ئېلىپبە بولغان ساۋاتى ئۇسۇلنىڭ ئورنىغا ھەجىلىگۈچى باللار نامىدىكى ئېلىپبە كىتاۋىنى ئىشلەتتى. تالىپلار ئۇنىڭ بۇ يېڭىلىق تەشەببۇسلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن دىننى قورال قىلىپ، ئۇنى دىنسىز،كاپىرغا چىقىرىشتى. بۇ يېڭى مەكتەپلەرنى دىنسىزلەر مەكتىپى دېيىشتى... ئەمما ئىسمائىل ئەپەندى، ئۆزى ئىشەنگەن يولىنى قەتئىيلىك بىلەن داۋام قىلدى.»[154]

ئەزەربەيجانلىق مەشھۇر شائىر تاھىرزادە ئەلى ئەكبەر «سابىر» ئۇسۇلى جەدىد مەكتەپلىرىگە قارشى چىققان تالىپلارغا قوشۇلۇپ، «ئۇسۇلى جەدىد» نى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن قوشاق يېزىپ چىققان بولۇپ، بۇ قوشاقلارنىڭ ئالدىنقى ئىككى كۇپلېتى مۇنداق:

ۋاھ بۇ ئىمىش دەرسى ئۇسۇلى جەدىد!
ياق، ياق ئوغۇل، مەكتۇۋى ئىسيان بۇ!
موللا ئەمەس بۇ يەردە دەرس بەرگەن،
ئەل ھەزەر قىل، يېڭى بىر شەيتان بۇ!
تۇرمىغىن قاچقىن ئوغلۇم، باشتىن ـ ئاياق ئايال زاتىغا ئوخشايدۇ بۇ!

مەن يۈز ئۆرۈپ يەتتە ئەجدادىمدىن،
بۇنداق ئوتقا سالمايمەن ئەۋلادىمنى!
قىلمايمەن دىنسىز ئۆز ئەۋلادىمنى!
ئاتقىن، چۆلگە كەتسۇن بۇ مەكتەپلىرى!
تۇرمىغىن قاچقىن ئوغلۇم، باشتىن ـ ئاياق ئايال زاتىغا ئوخشايدۇ بۇ!
ئىلىم ـ ئىرپانغا بىر قۇرۇق تۆھمەت ئىدى بۇ!
ھەر تەرىپى قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەت بۇ!
مۇسۇلمانىنى كاپىر قىلغان،
ساپلا كۇفرىلىق ئىدى بۇ!

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، «ئۇسۇلى جەدىد» ھەركىتى بىلەن تالىپلارنىڭ توسقۇنلۇقلىرىنى يېڭىپ، رۇس مائارىپىنىڭ تەسىرىنى يوقىتىپ، رۇس ھۆكۈمىتىدىن ھېچبىر ياردەم ئالماستىن، رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى، مىللىي مائارىپ روھىنى ۋە تەسىرىنى كېڭەيتىش جەھەتتە مۇئەييەن دەرىجىدە غەلبە قىلدى.

ئۇنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۈرك ئائىللىرى مەھكۇملۇقتىن نىسبەتەن قۇتۇلدى. «ئۇسۇلى جەدىد» ھەركىتى تەسىرىدە ئىسمائىل ئەپەندى، تۈرك ئائىللىرىنى تۈرك مىللىتىنىڭ غەرب مەدەنىيىتىنى قۇبۇل قىلىشىدىكى ۋاستە دەپ قارىغان. شۇنداق قىلىپ، ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ پىداكارلىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، مۇسۇلمان ئائىللار جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە ئونىۋېرسىتېتلاردا كۆزگە چېلىقىشقا باشلايدۇ. ھەمدە 1897 ـ يىلىدىكى نوپۇس سايلىمى ۋاقتىدا رۇسىيەدىكى تۈرك ئائىللىرىنىڭ ئىچىدىكى ساۋاتلىقلارنىڭ نىسبىتى، رۇس ئائىللىرىنىڭ ئىچىدىكى ساۋاتلىقلار

---

[153] - Cafer Seydahmet Kırımer: Aynı eser, s. 115.

[154] - Armin Vambery: Westlicher Kulturcinfluss im Osten. S. 296, 1906. Berlin, Dr. Edige Kmmal. Kmm Türklerinin Milli-Kurtulu Hareketi, Dergi, sayı, 47, s. 63, Münih 1927.

نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى خاتىرلەنگەن.[155] مەشھۇر ماجار تۈرك ئوغلى پىروفېسسور لازلو رازونىي، «ئۇسۇلى جەدىد»نىڭ مۇۋاپىقىيىتى ھەققىدە كۆز ـ قاراشلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

« غاسپىرالىنىڭ چاچقان ئۇرۇقلىرى بىكار كەتمىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، روسىيەدىكى تۈرك دىيارلىرىدا، غاسپىرالىنىڭ ئوقۇتۇش شەكلى يولغا قويۇلغان 5000 مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلگەن. رۇس مەكتەپلىرىگە بارماي تۇرۇپمۇ ياۋرۇپاغا يېقىنلاشقىلى بولىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى.»[156] «ئۇسۇلى جەدىد» ھەركىتى بىلەن تۈرك دۇنياسىدا يېڭىلىقنىڭ، غەربلىششنىڭ باشلامچىسى بولغان ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، تۈرك تارىخىغا ئىسمىنى ئالتۇن ھەرپلەر بىلەن يازدۇردى. ئىسمائىل ئەپەندى «ئۇسۇلى جەدىد» ھەركىتى بىلەن تۈرك مىللىتىنىڭ قەلبىدە يەنە بىر قېتىم ئەبەدىي ئورۇن ئالدى.

## غاسپىرالى ئىسمائىلنىڭ تۈرك دۇنياسىدىكى سەپەرلىرى ۋە سىياسىي كۆرەشلىرى

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، مىللىي رەھبەر ۋە جامائەت ئەربابى ئىدى. ئۇ ئۆزلۈكسىز ھالدا رۇسىيەنىڭ ھەر قايسى مۇسۇلمان رايونلىرىغا باردۇ. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى خۇسۇسىي خاتىرلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ پۈتۈن تۈركلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. 1880 ـ 1890 يىللار ئارىسىدا، غاسپىرالى رۇسىيەدە قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشكەن نوپۇزلۇق زات بولۇپ قالغان ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ سۆزلىرى رۇسىيە سىرتىدىمۇ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئىدى.[157]

ئىسمائىل ئەپەندى بارغانسېرى مۇكەممەللىشۋاتقان ئىدىيىلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن يالغۇز ئەسەر يېزىش بىلەنلا قالماستىن، يەنە ھەر يىلى بىرەر تۈرك دىيارىغا بېرىپ، ئوسمانلى مەملىكەتلىرى، كاۋكاسىيە، تۈركىستان، قازان ۋە لىتۋانىيەدىكى تۈرك تاتارلىرىنىڭ باشلىقلىرى، پىشقەدەملىرى، ئۆلىمالىرى، بايلىرى ۋە پۇقرالىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇراتتى. ھەمدە شەرقىي تۈركىستاندىن گىرمانىيەگە، شىمالنىڭ سوغۇق رايونلىرىدىن ئافرىقىغا ۋە ھىندى ئوكيانلىرىغا بولغان جايلاردىكى تۈرك ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ زىيالىيلىرى بىلەن ئوخشاش بىر مەسىلە ئۈستىدە سۆھبەتتە بولغان ئىدى.[158] ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەپەرلىرىدىن بىرى ـ مىسىرغا قىلغان سەپىرىدۇر.

1907 ـ يىلى «ئىسلام قۇرۇلتىيى» ئۈچۈن مىسىرغا تەكلىپ قىلىنغان ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، 7 ـ ئايدا مىسىرغا باردۇ. ئىسمائىل ئەپەندى ئىسلام دۇنياسىنىڭ پىشقەدەملىرىدىن 600گە يېقىن ۋەكىل ۋە يۈزلەرچە يەرلىك گېزىتنىڭ مۇخبىرى قاتناشقان، قاھىرە دۆلەتلىك مېھمانخانىسىنىڭ چوڭ يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن كېڭەشتە سۆز قىلىدۇ. ئىسمائىل ئەپەندى كېڭەشتە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۇ ۋاقىتتىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى تىلغا ئېلىپ، بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشنىڭ سەۋەپلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتىدۇ. يىغىن ئەھلىگە قۇشۇمچە قىلىپ، خەلقئارالىق تىجارەتتە مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ تۇتقان ئورنى ھەققىدە توختالغان ئىسمائىل ئەپەندى،

[155] - Kırımer: Aynı eser, s. 51.
[156] - Prof. Fuat Köprülüzade: ismail Bey Gasprinski. Azerbaycan Yurt Bilgisi, s. 55, yıl 2, sayı 16,1933.

[157] - Sorge A. Zenkovsky: Rusya da Pan-Türkizm ve Müslümanhk (<;:ev. Prof. İzzet Kantemir) s. 48, 9171 Ankara.
[158] - Yusuf Akçura: Türk Yılı, s. 345.

نۆۋەتتىكى بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. قۇرۇلتاي ئەزالىرى تەرىپىدىن قىزغىن قوللاشقا ئېرىشكەن نۇتۇقلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ مەزمۇنلىرى مۇنداق:

« بىر قەۋم ياكى مىللەت سىياسىي ئىقتىدارى ۋە ئەركىنلىكىدىن ئايرىلىپ قالسا، بۇ بىر زور يوقىتىش، شۇنداقلا چوڭ زىياندۇر. ئەمما ئىقتىساد ۋە تىجارەتتىكى ئورنىنى يوقىتىپ قويسا، بۇ بىر ئەمەس ئون ھەسسە چوڭ زىياندۇر ۋە پۈتۈنلەي يوقىلىشنىڭ ئالدىن بىشارىتىدۇر... شۇنى دېمەكچىمەنكى، ئەرەپ، تۈرك، فارىس ۋە ھىند خەلقلىرىنىڭ بۈگۈنكى چۈشكۈنلىكى، تاسادىپىي يۈز بەرگەن ياكى چوقۇم يۈز بېرىشكە تېگىشلىك ئەھۋال ئەمەس. ئۇنداقتا، تەرەققىيات يولىمىزغا توسقۇن بولىۋاتقىنى ئەجەبا ئىسلام دىنىمۇ؟ ئەلۋەتتە ياق. مۇشەررەپ بولغىنىمىز ئىسلام دىنى تەرەققىي قىلىشىمىز ۋە كۈچلىنىشىمىزنىڭ مەنبەسىدۇر، ھەمدە ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچىدۇر.»

مىسىردىن قايىتقان ئىسمائىل ئەپەندى، ئىستانبۇلدا توختاپ قىسقىغىنا بىر ۋاقىتتىن كېيىن قىرىمغا بارغان. ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، بىر ئايدىن كېيىن تەكرار مىسىرغا بارغان ۋە بىر مەزگىل شۇ يەردە خىزمەت ۋە تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللانغان. ئىسمائىل ئەپەندى مىسىردا ئىنگىلىز، فىرانسۇز ۋە رۇس ئەلچىلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن باشقا ، ھىدىرە ئابباس ھېلىم پاشا ۋە غازى ئەھمەد مۇختار پاشا بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ يەنە قايتىش يولىدا ئىستانبۇلدا توختاپ، ئىران ئەلچىسى رىزا خان دانىش ۋە سەدرىزام دامات فەرىت پاشا بىلەن كۆرۈشكەن.[159]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ مىسىرغا قىلغان سەپىرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى، ئىسلام دۇنياسىدا بىرلىك ۋە ھەمكارلىق ھاسىل قىلىش ئىدى.

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ سىياسىي مەقسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۇنجى سەپىرى، 1896 ـ يىلىدىكى چارنىڭ تەختكە چىقىشى مۇناسىۋىتى بىلەن پېتىربۇرگقا بېرىشىدىن باشلانغان.[160] ئىسمائىل ئەپەندى، ئېزىلگەن رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تېخىمۇ ياخشى قوغداش ئۈچۈن 1905 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاپتىن كېيىن سىياسىي ھاياتقا قەدەم قويىدۇ، ھەمدە ئومۇمى ئىسلام پارتىيىسىنى قۇرىدۇ ۋە رۇس پارلامىنتىدىن 40 قا يېقىن پارلامېنت ئەزاسى بىلەن بىرگە ئورۇن ئالىدۇ.[161] ئىسمائىل ئەپەندى «رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئىتتىپاقى»نىڭ قۇرۇلتايلىرىغا قاتنىشىش ئۈچۈن 1906 ـ يىلى پېتىربۇرگقا، ئىككىنچى قۇرۇلتاي ئۈچۈن شۇ يىلى 8 ـ ئايدا نىجنوۋگورۇسقا بارغان. ئەلى مەردان توپچى باشىنىڭ باشچىلىقىدا، نىجنوۋگورۇستا چاقىرىلغان 2 ـ قۇرۇلتايدا ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىدىن باشقا، سەدرى مەقسۇدى، يۈسۈپ ئاقچۇرا، ئابدۇرەشىد ئىبراھىم، سەيىد گىرەي ئاقلىن، فەتىھ كەرىمگە ئوخشاش تونۇلغان تۈرك زىيالىلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ قۇرۇلتايدا ئىسمائىل ئەپەندى قۇرۇلتاي رەئىسىگە بىر تەكلىپ سۇنغان ۋە تۆۋەندىكى تەكلىپلىرى ھېچبىر قارشىلىقسىز قوبۇل قىلىنغان:

«ئومۇمەن تۈركلەرنىڭ ئەسلى ۋە نەسلى بىردۇر. ۋاقىت ۋە ماكان ئوخشىماسلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئارىلىرىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولغان. بۇ ئوخشىماسلىق ۋە پەرقلەر ئارىمىزدا ئىختىلاپ شەكىللەندۈرۈپ بىر ـ بىرىمىزنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتۇق. شۇڭا بۇ سەۋەپتىن مەكتەپلىرىمىزدە ئەسلى بىر بولغان تىلىمىز بىلەن ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. قۇرۇلتاينىڭ مەكتەپ ۋە مەدرىس ھەيئەتلىرى تەرىپىدىن ھازىرلانغان لايىھەسىدە ئىپتىدائىي مەكتەپلىرىمىز ئۈچۈن

[159] - Kırımer: Aynı eser, s. 125, Av. Nurettin Alluz: Gaspıralı ismail Bey, Emel. Sayı 24,s. 18, Ekim 1964, istanbul.
[160] - efika Gaspıralı, Babamdan Hatiralar, Emel, sayı 12, s. 17, Eyli.il 1962, istanbul.

[161] - Halid Hasmehmetli. ismail Bey Gasprinski'ye ait bir hat1ra. Azerbaycan Yurt Bilgi- si sayı 16, s. 163, yil 2,1933

تۆت يىللىق دەرس پىروگىراممىسى يولغا قويۇلغان. بۇنىڭ ئۈچ يىلىدا پەقەت يەرلىك شىۋە بىلەن ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىپ، تۆتىنچى يىلىدا ئاممىباپ تۈرك تىلى بىلەن يېزىلغان كىتاپلار ئوقۇتىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەدرىجى ھالدا پەرىقلىق شىۋىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.»[162]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تەكلىۋىنىڭ ئاساسلىق مەقستى قازانلىق، قىرىملىق باشقۇرت، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، ئازەرى ۋە تۈركمەنلەرگە ئوخشاش تۈرك قەۋىملىرىنىڭ خۇسۇسىي شېۋىلىرىنى تۈرك ئومۇمىي مائارىپىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئاممىباپ بولغان بىرلا ئورتاق ئەدەبىي ۋە ئوقۇتۇش تىلىنى قوللىنىش ئارقىلىق تۈركلەر ئارىسىدا تىل بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى.[163]

يۇقارقىلاردىن شۇ خۇلاسىگە كېلەلەيمىزكى، غاسپىرالى ئىسمائىل ئەپەندى قىلغان سەپەرلىرى ئارقىلىق ، تۈرك ـ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىختىسادى، مەدەنىيەت ۋە سىياسىي ئەھۋاللىرىنى يېقىندىن كۆزىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن، ھەمدە تۈرك ـ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەھۋالىنى يورۇتۇپ بەرگەن. ئۇنىڭ ھىندىستانغا «ئۇسۇلى جەدىد» مەكتىۋى ئېچىشى، مەدەنىيەتنى ھىندىستانغا تارقاتقانلارنىڭ ھەر قاچان تۈركلەر ئىكەنلىكىگە دائىر قاراشنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش بىلەن بىرگە، «ئۇسۇلى جەدىد» ھەركىتى بىلەن ھىندىستان مائارىپىدا يېڭى بىر « تاج ماھال»نى قۇرۇش شەرپىگە ۋە ئەبەدىيلىككە ئىگە قىلغان.

---

[162] - Muza Bada: Rusya ihtilalinde Türkler. Dergi, sayı, 9, s. 5, Münih 1967 Muharrem Feyzi Togay: Yusuf Akçura'nm Hayati, s. 51, 1944 Istanbul Abdullah Battal Tay- mas: Kazan Türklerinde Milli Davramlar. Dergi, sayı 22, s. 30, Mi.inih 1960; Prof. Laszlo Rasonyi: Tarihte Ti.irkli.ik s. 276, T.K.A.E. 1971.

[163] - Muharrem Feyzi Togay: Yusuf Akçura'nm Hayati, s. 51, 1944, Istanbul.

## ئىسمائىل غاسپرالى ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرى

ئىسمائىل غاسپرالى ئەپەندىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرى قىسقا ھەجىملىك بولۇشىغا قارىماي، بۇ ئەسەرلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار ۋە بۈيۈك غايە جەھەتتىن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىسمائىل غاسپرالى ئەپەندىنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچبىر ئىلمىي ئەسىرى بولغان ئەمەس. فىرانسۇزچىنى ۋە رۇسچىنى ئانا تىلىغا ئوخشاش سۆزلىيەلەيدىغان، ياۋرۇپا مەدەنىيىتىنى ئۇجۇر-بۇجۇرلىرىگىچە بىلىدىغان، تۈرك تارىخى ۋە تۈرك مەدەنىيىتى ھەققىدە ناھايىتى مول بىلىمگە ئىگە ئىسمائىل ئەپەندى، بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر ئىلمىي ئەھلىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئىقتىدارلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىدى. ئەمما ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ مەقستى ئىدىيىسىنى، كۆز-قاراشلىرىنى بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلەرگە ئەمەس، جاھالەت ۋە قالاقلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان مىللەتكە يەتكۈزۈش ئىدى.

ئىسمائىل غاسپرالى ئەپەندىنىڭ تۇنجى تەتقىقات ئەسىرى بولغان «ياۋرۇپا مەدەنىيىتىگە نەزەر» 1874-يىلىدا ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، [164] 29 بەتلىك كىچىك ھەجىمدىكى، ئەمما ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيە ۋە ئىلمىي قىممىتى جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ كىتاۋى، ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ ياۋرۇپا ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى داۋامىدا خۇلاسىلەپ چىققان يەكۈنلىرىگە ئاساسەن يېزىپ چىقىلغان.

ئىسمائىل ئەپەندى بۇ ئەسىرىدە ياۋرۇپا مەدەنىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي نەتىجىلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. سىرتتىن قارىغاندا كۆز قاماشتۇرىدىغان ياۋرۇپا مەدەنىيىتىنىڭ ئىنسانىيەتكە نېمىلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ئىسمائىل ئەپەندى، ھەشەمەتلىك سارايلاردا ئولتۇرغانلار بىلەن كوچىلاردا ئاچ-يالىڭاچ قالغانلارنى، بايلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان ئېيسىلزادىلەر بىلەن ئۆز تېنىنى سېتىش بەدىلىگە قورسىقىنى تويغۇزىۋاتقان ئاياللارنى ئۆتكۈر تىل بىلەن سېلىشتۇرۇپ بايان قىلىدۇ. ئىسمائىل ئەپەندى سۆزلىرىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ياۋرۇپا مەدەنىيىتىنىڭ پەقەت سىرتىغىلا قاراپ، ئىچكى ھالىتىنى ھېس قىلىپ يەتمىسەك، توغرا يەكۈنگە ئېرىشەلمەيمىز، پەقەتلا ماددىي كۈچلىرىگە، ئەقىل-پاراسەتلىرىگە ھەيران بولۇش بىلەنلا قالىمىز... روزۋېلتقا ئوخشاش ئون بەش ئادەمنىڭ مىليۇنلارچە بايلىقىغا ھەۋەسلىنىپ، ئون بەش مىليۇنچە ئاھالىنىڭ پاناھلانغۇدەك يېرىنىڭ يوقلىقىغا، ئاچلىقتىن ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىغا ئەجەپلىنىمىزمۇ؟ لوندونلۇق بىر ئېيسىلزادە خېنىمنىڭ، فىرانسۇز خانىمىنىڭ ئەدەپ قائىدىلىكلىكى، لاتاپىتىگە ۋە نازاكىتىگىمۇ ھەيرانلىق بىلەن باقىمىزمۇ؟ لوندون ۋە پارىژ كوچىلىرىدا يېرىم-يالىڭاچ يۈرۈپ، تېنىنى سېتىش بەدىلىگە كۈن كەچۈرىۋاتقان 150مىڭ پاھىشە ئايالغا ئەپسۇسلىنىمىزمۇ؟ بىر كالىسىدىن بىزنىڭ ئون كالىمىزدىنمۇ كۆپ سۈت ساغقانلىقى بولىدىغانلىقىغا ھەيران بولۇپ، 90% ئاھالىسىنىڭ بىر كالىغىمۇ ئىگە بولالمىغانلىقىدىن ئىبرەت ئالىمىزمۇ؟ »[165]

ئەسەرلەردىن كۆرۈپ يەتكىنىمىزدەك، ياۋرۇپا مەدەنىيىتى پەقەت بىر توپ كىشىلەرنىڭلا راھەت-پاراغىتىنى، خۇشاللىقىنى ۋە بايلىقىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى ئاچ-يالىڭاچ، يوقسۇل، پەرىشاندۇر. ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ بۇ كىچىك

[164] - Kırımer: Aynı eser, s. 19.
[165] - Kırımer: Aynı eser, s. 20.

ھەجىملىك ئەسىرى، تۈرك زىيالىلىرىدا ياۋرۇپاغا نىسبەتەن زىيادە ھەيرانلىق ۋە بۇ يۈزدىن شەكىللىنىدىغان ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش قارىشىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تونۇپ قالغان.

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ باشقا بىر مۇھىم ئەسىرى «رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى»دۇر. ئىسمائىل ئەپەندى رۇسچە يېزىپ، قىرىمنىڭ مەركىزى رايۇنى بولغان ئاق مەسجىد(كىچىك شەھەر) دە چىقىرىلىدىغان «Tavride»گېزىتىدە ئۇلانما شەكلىدە نەشىر قىلىنغان بارلىق ماقالىلىرىنىڭ ھەممىسىگە «Ruskoye Müslümansto»( رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى) نامىنى بەرگەن.[166]بۇ ماقالىلەردە غاسپىرالىنىڭ ئۇ زاماندا، يەنى 1881 ـ يىلىدا ئوتتۇرىغا قويغان كۆز ـ قاراشلىرى، ئۆز ـ ئۆزىگە قويغان سۇئاللىرى ۋە ئۇلارغا بەرگەن جاۋاپلىرى بايان قىلىنىدۇ، شۇنداقلا بۇ ماقالىلەر غاسپىرالىنىڭ كەلگۈسى ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك كۆز ـ قاراشلىرىغا يېتەكچى ماھىيەتىگىمۇ ئىگە ئىدى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسمائىل ئەپەندىنى چۈشىنىش ئۈچۈن جەمئىي 45 بەتلىك بىر رىسالە ھالىتىگە كەلگەن بۇ كىچىك ئەسەر، زور قىممەتكە ئىگىدۇر. بۇ ئەسەردىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسمائىل ئەپەندى مىللەتپەرۋەر زاتتۇر. ئىسمائىل ئەپەندى ئۆز مىللىتىنى پەقەت قىرىملىقلارلا ئەمەس، «تۈرك ـ تاتار»نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بارلىق مىللەتلەر دەپ قارايدۇ. بۇ جەھەتتە ئىسمائىل ئەپەندىنى شۇ ئان «چىن تۈرك مىللەتچىسى» دەپ ئاتىساق، ھەرگىز خاتالاشقان بولمايمىز.[167]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى مەزكۇر ئەسىرىدە : « رۇس ھاكىمىيىتىنىڭ تۈرك دۇنياسىغا ھېچبىر پايدىلىق ئىش قىلمىغانلىقىنى، ئەكسىچە تۈركلەرنى رۇسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇنغانلىقىنى، مائارىپنىڭ، دىنىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچىرىتىلغانلىقىنى» كۆرسىتىپ ئۆتكەن. «ئاق تۇپراق»قا كۆچۈش مەسىلىسىدە پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىگە ئارتقان ئىسمائىل ئەپەندى، مائارىپ مەسىلىسىدە توختىلىپ سۆزىنى مۇنداق داۋام قىلىدۇ:

« ئېچىنىش بىلەن شۇنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەنكى، رۇس ھاكىمىيىتى تۈرك خەلقىنىڭ ئىلىم مەنبەسى بولغان مەكتەپلەرنىمۇ تۈگەشتۈردى. مېنىڭچە رۇس مىللىتىنى تەختكە ئولتۇرغۇزغان تاتار ھاكىمىيىتى رۇس مىللىتىنى نۇرغۇن زىيانلىق ئەجنەبىي تەسىرلىرىدىن قوغداپ، ئۇنىڭغا كۈچ ـ قۇۋۋەت بەردى ۋە رۇس بىرلىكى غايىسىگە ئۇل سالدى.» [168] ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى رۇس ھاكىمىيىتىنىڭ رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىغا نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەنلىكىنى بىلجىرلاپ يۈرگەن رۇس مىسسىيونېرلىرىغا مۇنداق دەيدۇ:

« رۇسىيە دۆلىتىنىڭ شەرق مىللەتلىرىنى مەدەنىيەتلەشتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن گەپ ـ سۆزلەر بار. ئۇنداقتا قىلىنغان مەدەنىيەت ئىشلىرى قايسى؟ قازىيلارنىڭ ئورنىغا زومگەرلەرنى، ئىماملارنىڭ ئورنىغا پوپلارنى، دۆلەتنىڭ ئورنىغا ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەرنى تەسىس قىلىش، يېپەك كىيىملىكلەرنىڭ ئورنىغا ئېسىلزادىلەرنى يەرلەشتۈرۈش بىلەنمۇ مەدەنىيەتلەشتۈرىدۇ؟» [169]

«رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى»ناملىق ماقالىلار توپلىمىدا مىللەتچىلىك نوقتىسىدىن ئىنتايىن مۇھىم بولغان مۇنداق بىر ئەھۋال ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ:« ئاسىيا ۋە ياۋرۇپانىڭ بىر قىسمىدا ياشاۋاتقان بۈيۈك بىر مىللەت يەنى تۈرك ـ تاتار مىللىتى باردۇر. بۇ مىللەت پارچە ـ پارچە، چېچىلاڭغۇ، تولىمۇ ئاجىز، بۇ

[166] - Yusuf Açura, Türk Yılı, s. 336.

[167] - Yusuf Akçura, Türk Yılı, s. 338

[168] - Ismail Gaspıralı, Rusya Müslümanlan, s. 12, 1881 Akmescit; Kırımer: Aynı eser, s. 31.

[169] - Ismail Gasptrah, Aynı yerde, s. 6, Kırımer: Aynı eser, s. 31.

مىللەت باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئىلىم ـ مەرىپەتتە ، بايلىق ۋە مەدەنىيەتتە تولىمۇ ئارقىدا قالغان. ئەگەر بۇ مىللەت مۇشۇ پېتى ماڭسا، تەبىئەت قانۇنلىرىغا ئاساسەن«سەن ئەمەس، مەن ياشاي» غەۋغاسىغا چۈشكەن مىللەتلەرگە ئوخشاش تۈگىشىدۇ. يەنى باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن يۇتۇپ كېتىلىدۇ.»[170]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ «رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى» ناملىق ئەسىرىدە تەكىتلىمەكچى بولغان مەقسىتى شۇكى، «تۈرك ـ تاتارلىرى، ئۆزلىرىنىڭ مەكتەۋى ۋە مەدرىسلىرىدە ئانا تىلىدا ياۋرۇپا ئىلىم ـ مەرىپىتىنى، هۈنەر ـ سەنئىتىنى ئۆگىنىشى لازىم. پەقەت مەكتەپلەر ۋە مەدرىسلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئانا تىلىدا كىتاپلار، رىساللەر، مەجمۇئەلەر ۋە گېزىتلەر نەشىر قىلىنىشى كېرەك. يەنى مىللىي تۈرك ـ تاتار ئەدەبىياتى بارلىققا كەلتۈرۈلىشى لازىم.» ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى «رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى» ناملىق ئەسىرىنى چاررۇسىيە هۆكۈمىتىنى چۆچۈتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن تولىمۇ ئېهتىياتچانلىق ۋە ئۇستىلىق بىلەن يازغان بولسىمۇ، بەزى رۇس ئوبرۇزچىلىرى بۇ ئەسەردە پۈتۈن مۇسۇلمان تۈركلىرىنى غەرب مەدەنىيىتى بىلەن قۇراللىنىپ، سىياسىي كۈچ بارلىققا كەلتۈرۈش ئارقىلىق رۇسىيە دۆلىتىنىڭ بېشىغا چوڭ بىر بالا تېرىماقچى، يەنى « تۈرك مىللەتچىلىكى»نى تەشەببۇس قىلىش غايىسى يوشۇرۇنغان، دەپ قۇسۇر ئىزدەشكە ئورۇنغان ئىدى.[171]

يۇقىردا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، 1881 ـ يىلى پانئىسلامىزىم پۈتكۈل چار روسىيەسىنى قاپلىغان بىر مەزگىلدە، ئىنتايىن قاتتىق بولغان نازارەت ئاستىدا بۇ ئەسەرنى نەشىر قىلدۇرۇشنىڭ ھەقىقەتەن جاسارەت تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېتراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى 1900 ـ يىلىدا، بۇرۇنقى تۈرك ئۆلىمالىرىدىن مەلۇمات بېرىش مەقسىتىدە، « تۈركىستان ئۆلىمالىرى» ناملىق بىر رىسالىنى نەشىر قىلدۇرغان. بۇ رىسالىدا تەكىتلىنىدىغان ئىدىيە تۈرك مىللىتىنى « نادان ۋە قالاق» كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان رۇس مىسسيونېرلىرىنىڭ سۈيقەستلىرىنى بىكار قىلىش ئىدى. ئىسمائىل ئەپەندى بۇ ئەسەرنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا مەقسىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: « تۈرك مىللىتىنىڭ تەبىئىي تالانتى ۋە ئىلىم ـ سائادىتى جارى قىلدۇرۇلسۇن، بىزمۇ ئىلىم تەهسىل قىلىشتىن باش تارتمايلى. ئۆزىمىزنى پەقەت كېرەكسىز، قۇرۇق سۆلەت ۋە كالۋا چاغلاپ، ئىلىم ـ مەرىپەت مەيدانىدا هېچبىر ئورنى يوق مىللەتكە ئايلاندۇرۇپ قويمايلى.»[172]

1901 ـ يىلى، «رۇسىيەدىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق بىر رىسالە نەشىر قىلدۇرغان ئىسمائىل ئەپەندى، بۇ رىسالىسىدە رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ تەرەققىياتى يولىدا خىزمەت قىلىپ تۆهپە كۆرسەتكەن مۇنەۋۋەر كىشىلەرنى تونۇشتۇرۇپ چىققان ئىدى.[173]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى 1906 ـ يىلىدا رۇسىيە تۈركلىرىدىن يېتىشىپ چىققان ئۆلىما ۋە ئىلىم ئەهلىلىرىنىڭ بىئوگراپىيەسىنى توپلاپ « ئاق گۈلدەستە»نى،[174] 1991 ـ يىلىدا « رۇسىيەدىكى مىللىي تۈرك مەكتەپلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە ئۇسۇلى جەدىدىنىڭ تارقىلىشى» ناملىق رىساللەرنى[175] نەشىر قىلدۇرغان. ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ يۇقىرقىلاردىن باشقىمۇ ئەسەرلىرى بار. بۇ ئەسەرلىرى ئادەتتە « تەرجىمان»دا ئۆلانما شەكلىدە بېسىلغان ۋە ئوقۇرمەنلەرگە مىللىي، دىنىي

---

[170] - Yusuf Akçura: Aynı eser, s. 338.

[171] - Yusuf Akçura: Aynı eser, s. 339.

[172] - ismail Gaspıralı: Türkistan Ulemas1 1900, Akmescit; Kırımer: Aynı eser s. 56.

[173] - ismail Gaspıralı. Mebadü Temeddünü islamiyam Rus. 1901 Akmescit; Kırımer: Aynı eser s. 57.

[174] - ismail Gaspıralı: Akgül Destesi, 1906, Akmescit: Kırımer: Aynı eser, s. 57.

[175] - Gaspıralı ismail Bey, bu risaleyi; Usul-ü Cedit okullannm ilk ogretmeni olan Be- kir Emektar Efendi'ye ithaf etmitir.

روھ ۋە ھاياجان ئاتا قىلىش مەقستى بىلەن يېزىلغان ھىكايىلىرىدىن ئىبارەت. بۇ ھىكايىلىرى ئىچىدە «جەسۇر قىز»، «ئايالىلارنىڭ غايىسى»، «دارۇلراھەت مۇسۇلمانلىرى» قاتارلىق سەرخىل ھېكايىلەرمۇ بار.

بۇ ھىكايىلىرىدىن « دارۇلراھەت مۇسۇلمانلىرى» ئىسلامىيەتنىڭ تەرەققىياتقا نىسبەتەن توسقۇن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ۋە بۇ ئاساستا قۇرۇلغان بىر جەمئىيەتنىڭ مەيلى ئەخلاقىي ۋە ياكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرگە، ھەقسىزلىكلەرگە يول ئاچماستىن، ياۋرۇپا مەدىنىيىتىگە يېتىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش مەقستى بىلەن يېزىلغان. 1895 ـ يىلى « تەرجىمان»دا ئۇلانما شەكلىدە بېسىلىشقا باشلانغان بۇ ھىكايە كىيىنچە كىتاپ قىلىپ نەشىر قىلىنغان.

1906 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «كۈنتۇغدى» ھېكايىسىدە «ھەر جەمئىيەتنىڭ ئىلغار ۋە ناچار بولۇپ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئىلغار تەرەپلىرىدىن ئۆگىنىپ، مىللىي زەئىپلىكىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ۋە مىللەتنىڭ نېمىگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش كېرەك» دېگەن ئىسمائىل ئەپەندى، مەزكۇر ھېكايىسىدە 1875 ـ يىلىدىن 1878 ـ يىلىغىچە ئىزدىنىش ئىچىدە ئۆتكەن يىللىرىدا يەكۈنلەپ چىققان تەجرىبىلىرىنى شەرھىيلەپ چىققان.[176] كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى ئىلكىدىكى ھەر نەرسىسىدىن قانداق پايدىلانغان بولسا، ئەدەبىياتتىنمۇ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان.

---

176 - Yusuf Akçura, Türk Yılı, s. 338

## كېسەللىك چاغلىرى، ۋەسىيەتلىرى ۋە ۋاپاتى

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ كېسەللىك چاغلىرى، ۋەسىيەتلىرى ۋە ۋاپاتى ھەققىدە نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە مەزمۇن جەھەتتىن ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى، ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ ئەڭ يېقىن كۆرەش سەبدىشى ھەسەن سابىرى ئايۋاز يازغان [177] « ئۇلۇغ ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ كېسەللىك چاغلىرى، ۋەسىيەتلىرى ۋە ۋاپاتى» ناملىق ئەسەردۇر.

جافەر سەيىد ئەھمەد قىرىمىنىڭ «ئىسمائىل ئەپەندى» ناملىق ئەسرىدە ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئوقۇغىنىمىزدا ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدىكى ئىش ـ پائالىيەتلىرىنىمۇ ئەينەن ھىس قىلىپ يېتەلەيمىز. تۆۋەندە مەزكۇر ئەسەردىن ئېلىنغان بىر نەچچە ئۈزۈندىنى تەقدىم قىلىمىز: «ئىسمائىل ئەپەندى غاسپىرالى ھەزرەتلىرى، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يېنىك بىر ئۆپكە شاخچە ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولسىمۇ، ئەمما 1914 ـ يىلىغىچە كېسىلىدىن ئېغىز ئېچىپ زارلىنىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ۋاقىتقىچە ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى نورمال داۋاملاشتۇرۇپ، ئەسەرلىرىنى يېزىپ كەلگەن ئىدى.»

ئىسمائىل ئەپەندى كېسىلى ئېغىرلاپ كەتكەن چاغلاردا، دوختۇرنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن قىرىمنىڭ دېڭىز بويلىرىغا دەم ئېلىشقا باراتتى. ئۇ جايلاردا ئۇزۇن تۇرماستىن دېڭىز ھاۋاسىنىڭ كېسىلىگە نىسبەتەن شىپالىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئىستانبۇلغا بارغان. ئىستانبۇلدىمۇ ياخشى بولالمىغان ئىسمائىل ئەپەندى كېسىلىنىڭ كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، يۈسۈپ ئاقچۇرا بىلەن بىرلىكتە قىرىمغا قايتقان. قىرىمغا قايتىپ ئىككىنچى كۈنى، ئىسمائىل ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە يېنىدا يۈسۈپ ئاقچۇرا ۋە «تەرجىمان»نىڭ مۇھەررىرلىرى بىلەن بىرلىكتە يىللاردىن بېرى نەشر قىلىنىپ كەلگەن ئەسەرلىرىنىڭ ئالدىدا رەسىمگە چۈشكەن. تارتىلغان رەسىملەرنىڭ ھەممىسىدە ياتقان ھالەتتە تۇرغان ئىسمائىل ئەپەندى، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ شۈبھىلىك ۋە ئەنسىز بېقىشلىرىنى سېزىپ، مۇنداق دېگەن: «نېمىگە ئەجەپلىنىسىلەر؟ بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ھالىتىم مۇشۇنداق بولىدۇ، ھەقىقەتەن مەن مۇشۇ ھالغا كەلدىم.»

ئىسمائىل ئەپەندى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قىزى شەفىقە ۋە ئايالى نىگارە خانىم، كۈيئوغلى نەسىب ئەپەندى، ئوغۇللىرى رىفات ۋە ھايدار ئەپەندىلەرنى ۋە ھەسەن سابىرى ئايۋازنى يېنىغا چاقىرىپ، ۋەسىيەتنامىسىنى ئوقۇغان. تۆۋەندىكىلەر ۋەسىيەتنامىنىڭ بەزى قىسىملىرى:

«...بۇنىڭدىن كېيىن تەرجىماننىڭ باش مۇھەررىرى ھەسەن باسرى ئايۋاز بولىدۇ. ئىككى يىلدىن بېرى مەن بۇ ۋەزىپىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردۇم. سىلەرمۇ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇڭلار ئوغۇللىرىم...ئۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرمىسە، ھېچكىم ئۇنى بۇ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىيالمايدۇ...»

«...تەرجىمان غەيرى تەقسىماتتۇر، ھېچبىر زامان بۆلۈنمەيدۇ. ئەۋلاتلىرىم ئۇنى داۋاملاشتۇرسۇن، ئىرادەمدىن ئۆگەنسۇن! تەرجىماننى ھېچبىر زامان توختىتىپ قويمىسۇن! بۇلار مېنىڭ ئاخىرقى ئۈمىتلىرىمدۇر.»

---

[177] -ھەسەن سابىرى ئايۋاز ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ ئەڭ يېقىن ۋە ئىشەنچلىك دوستى ئىدى. ئۇ ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ كېيىنكى ئۆمرىدە يېنىدىن پەقەتلا ئايرىلمىغان.

9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۇنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلاشقان ئىدى. ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇۋاتقان ئىسمائىل ئەپەندى،خەتمە قۇرئان قىلدۇرىدۇ. خەتمە قۇرئان تۈگىگەندىن كېيىن، ۋەزىيىتىنى تولۇق تاماملىيالىغاندىن مەمنۇن بولغان ئىسمائىل ئەپەندى، ئىچىدە مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: « ئۇلۇغ ئاللاھىم، 63 يېرىم يىل ياشىدىم. بۇ ئۆمرۈمنىڭ 35يىلىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئويغۇنىشى، تەرەققىي قىلىشى، كۈچلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن سەرىپ قىلدىم يا رەببى...ئەي ئۇلۇغ ئاللاھىم! ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئارزۇ قىلغان نۇرغۇن ئىشلىرىم بار ئىدى...ئەمما ئۇلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدىم...ھەر نەرسە سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر، ئاللاھىم!...»

9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كەچ بالىلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ قۇچاقلاپ، سۆيۈپ چىققان ئىسمائىل ئەپەندى، ئوغلى رىفاتقا خىتاپ قىلىپ: « ئوغلۇم رىفات! بۈگۈندىن كېيىن ئىنىلىرىڭ ۋە سىڭىللىرىڭنىڭ ھامىيسى سەن بولىسەن. تەرجىماننى ھېچبىر زامان توختىتىپ قويما، ئۇ ھەر ۋاقىت يالقۇنجاپ تۇرۇشى لازىم. تەرجىماننىڭ ھامىيسى مىللەتتۇر. مىللەت 33يىلدىن بېرى ئۇنى ھىمايە قىلىپ كەلدى. ئەگەر سىلەر مېنىڭ سۆزلىرىم بويىچە ھەرىكەت قىلساڭلار، مىللەت ھەر قاچان تەرجىماننى ھىمايە قىلىدۇ.»

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى بۇ ۋەسىيەتلىرىنى قىلغاندىن كېيىن، بېشىنى قىبلىگە قارىتىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سەھەر سائەت يەتتىگىچە شۇ ھالەتتە قالىدۇ.

« ئۇنىڭ كۆزلىرى يېرىم ئوچۇق قالغان ئىدى... دېمەككى ئۇ ئەڭ ئاخىرقى تېنىقىنى بەرگەن چېغىدا كۆزلىرىنى بىر قېتىم تەكرار ئېچىپ ئەتراپىقا قارىغان، ئاندىن ئەبەدىي كۆز يۇمغان ئىدى.»

بۇ قايغۇلۇق خەۋەر پۈتۈن تۈرك دۇنياسىدا خۇددى بىر گۈلدۈرمامىلىق چاقماقتا ئوخشاش تارقىلىدۇ...تەرەپ ـ تەرەپتىن «تەرجىمان»غا تېلگىراممىلار كېلىدۇ. قىرىمنىڭ ھەر تەرىپىدىن مەرھۇمنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ۋەكىللەر كېلىدۇ. ھەر تەرەپتىن نۇرغۇن گۈل ـ چەمبىرەكلەر،ماتەم بايراقلىرى تاپشۇرۇۋېلىنىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى (1914 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى،يەنى جۈمە) جىنازىسى 6000دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا **Mengli Giray Han** مازارلىقىغا ئېلىپ بېرىلىپ، يەرلىككە قويۇلىدۇ.[178] ئاندىن كېيىن، ئۆتكۈزۈلگەن ماتەم مۇراسىمىدا نۇتۇق سۆزلىگەنلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنى تۇتالماي كۆز يېشى قىلىدۇ، جامائەتنىڭ ئىچىدە ھۆڭرەپ يىغا ئاۋازلىرى كۆتۈرلىدۇ...بۇ ھال پەقەت ئۇ يەردىكى مۇسۇلمان جامائەتى ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتۈن رۇسىيەدىكى، ھەتتا پۈتۈن تۈرك ـ ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھاياجانلىق مىنۇتلار ئىدى...بۇ مىنۇتلاردا ئۇنى تونۇغان ھەر قانداق بىر قەلىپ ئىگىسىنىڭ ياش تۆكمەي تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.[179] « تەرجىمان»غا ئەۋەتىلگەن مىڭلارچە تېلگىراممىنىڭ بىرىدە، ئەزەربەيجانلىق بىر مۇتەپەككۇر ئەدىپ، مۇنداق دېگەن:

« تەرجىمان ئىدارىسىگە: ۋاپاسىز ئەجەل رەھىمسىز قوللىرى بىلەن 32يىلدىن بېرى مۇسۇلمانلارغا يولباشچىلىق قىلغان بىر چىرايىنى ئۆچۈردى. شۇ تاپتا پەقەت تەرجىمان ئىدارىسىلا ئەمەس، بارلىق رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى يېتىم قالدى. پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئىسمائىل مىرزا غاسپىرالى سۆزلىرى تولىمۇ ئۆتكۈر بولغان تەرجىماننىڭ قۇرغۇچىسى، نۆۋەتتىكى ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا ئىدىيە بەرپا قىلغۇچى،ئۇسۇلى جەدىد مەكتەپلىرىنىڭ ئىجاتچىسىدۇر. پۈتۈن بارلىقىنى مىللەت ئۈچۈن بېغىشلاش روھى مەڭگۈ يادلىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن يولى بويىچە خىزمەتلىرىمىزنى داۋام قىلىش ۋە تەرجىمان»نى داۋاملاشتۇرۇش، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ بۇرچىدۇر. بۇ

[178] - Cafer Seydahmet Kırımer: Aynı eser, s. 138.
[179] - Kırımer: Aynı eser, s. 138.

قايغۇلۇق مىنۇتلاردا، تەرجىمان ئىدارىسىدىكى بارلىق خادىملارغا ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئاللاھتىن سەۋر ۋە تەسەللىي ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن. »[180]

بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنىڭ پۈتۈن تۈرك دۇنياسىدا، بولۇپمۇ رۇسىيەدە قوزغىغان تەسىرىنى، ئەينى چاغدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن كۆرۈۋالالايمىز. قازانلىق ژورنالىست فەتىھ كەرىمى ۋاقىت گېزىتىدە مۇنداق يازىدۇ:

« بۈگۈن بۈيۈك تۈرك ـ تاتار دۇنياسىنىڭ يولباشچىسى بولغان ئەڭ پارلاق يۇلتۇز ئۆچتى. بۇ يۇلتۇزنىڭ ئۆچۈشى، تۈرك ـ تاتار دۇنياسىنىڭ شەرقىدىن غەربىگىچە، شىمالىدىن جەنۇبىغىچە بولغان جىمى يەرلەردە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان بولسا، قەلبلەرنى لەرزىگە سالدى. ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ ھاياتى، رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن مۇستەققىل بىر دەۋىر، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر تارىختۇر...شىددەتلىك بىر دەريا ئېقىنىنى باشقا بىر يۆنىلىشتە ئاققۇزۇش نەقەدەر مۈشكۈل بىر ئىش بولسا، غەپلەت ۋە غاپىللىقتا چۈمگەن بىر مىللەتنىڭ ئىدىيىسىنى يېڭى بىر تەرەپكە بۇراش، ئۇنىڭدىنمۇ قىيىن بولغان بىر ئىشتۇر. مەرھۇم ئىسمائىل ئەپەندى مۇشۇنداق بىر قىيىن ئىشنى قىلدى. شۈبھىسىزكى، ئۇ بىر ئۇلۇغ ئىنساندۇر. ئۇنىڭ ئۇلۇغ روھى ئالدىدا تىز پۈكۈپ، ھۆرمەتتە تۇرىمىز. ئۇ ئاللاھنىڭ ئەبەدىي رەھمىتىدە بولغاي! »[181]

قازانلىق تەتقىقاتچى ئابدۇللا باتتال تايماس «تەرجىمان»دا: «تۈرك ـ تاتار تارىخىدا ئۆزگىچە بىر دەۋىر ياراتقان، بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا يولباشچى بولۇپ، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەپ، ئاندىن دۇنيادىن كەتكەن ئىسمائىل ئەپەندى، تولىمۇ خۇشال ۋە بەختىياردۇر. ئىسمائىل ئەپەندى ۋاپات بولدى، ئەمما ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىش ـ ئىزلىرى ۋە ئۇنىڭ يېتىشتۈرگەن كۆچەتلىرى، پۈتۈن بىر مىللەتكە ھاياتلىق ئاتا قىلغان روھى ئارىمىزدا مەڭگۈ ياشايدۇ. رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى سەندىن تولىمۇ مىننەتداردۇر، ئەي ئۇلۇغ ئىسمائىل ئەپەندى!...»[182]دەپ يازىدۇ.

قىرىملىق ھەسەن سابىرى ئايۋاز ئۆز تۇيغۇلىرىنى «تەرجىمان»دا مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ پەقەت ۋۇجۇدى ئۆلدى. ئۇنىڭ روھى، ئىدىيىسى، ئىش ـ ئىزلىرى، كۈرەشلىرى ئۆلمىدى، ھەم ئۆلمەيدۇ...بۇلار ياشايدۇ ۋە ئەبەدىي ئۇنتۇلمايدۇ. ئۇنىڭ جەستى گەرچە بۈگۈن تۇپراققا پۈتۈنلەي دەپنە قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن ئالغان ئۇلۇغ قەدەملىرى ۋە يۈكسەلگەن روھى، ھەر زامان تۈرك ـ تاتار دۇنياسىنىڭ كۆڭۈل ئالىمىدە پەرۋاز قىلىدۇ، يۈكسەك ئىدىيىسى ۋە ئىش ـ ئىزلىرىمۇ مىللىتىنىڭ قەلبىدە ۋە ۋىجدانىدا ياشايدۇ... »[183]

مەشھۇر يازغۇچى ۋە ئىنقىلابچى ئاياز ئىشاقى شۇ چاغدىكى تۇيغۇلىرىنى «ئەل»گېزىتىدە مۇنداق يازىدۇ: « ئىسمائىل ئەپەندى ئارىمىزدىن كەتتى، ئۇ جەننەتكە يول ئالدى. ئەمما ئۇ چاچقان ئۇرۇقلار، يېتىشتۈرگەن كۆچەتلەر، پەرۋىش قىلغان مېۋىلىك باغلار پۈتۈن روسىيەنى قاپلىدى. ئۇنىڭ مىليونلارچە شاگىرتلىرى ئۇنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا، ئىزىدىن مېڭىشقا تۇتۇش قىلدى. بۇنداق بىر ئۇستازنىڭ بولغىنىدىن سۆيۈنۈپ، ئىشنىڭ چوقۇم غەلبىگە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئىشلىرىنى باشلىدى. بۇ قەھرىمان ئەجدادنىڭ مۇنەۋۋەر ۋە ئۆلگىلىك ئىش ئىزلىرىنى، روھىنى ئۆزىگە

---

[180] - Kırımer: Aynı eser, s. 221.
[181] - Fatih Kerimi: BU.yük Milli Matern: Vakit, 12 EylUl 1914; Kırımer: Aynı eser, s. 184.
[182] - Abdullah Battal TAynıas: Zor Vak'a, Tercüman, 1 Ekim 1914, Nu. 200, Kırımer: Aynı eser, s. 187.

[183] - Hasan Sabri Ayvaz: "Yaayan Olülerden Ismail Bey Gasprinski "Tercüman" Nu. 196,1916.

ئۆلگە قىلىپ، ئۇ باشلاپ ماڭغان يولدىن مەڭگۈ ئايرىلماسلىق ۋەدىسى بىلەن ئىشلىرىنى داۋام قىلدى. ئىسمائىل ئەپەندى ۋاپات بولدى.

«تەرجىمان»نىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ روھى پۈتۈن تاتار ھەركىتىدە ئۇلۇغ يولباشچى سۈپىتىدە ياشايدۇ.»[184]

تۈركىيە مەتبۇئاتلىرىدىمۇ مەرھۇم ئىسمائىل ئەپەندى ھەققىدە نۇرغۇن ئەسەرلەر ئېلان قىلىنغان ئىدى. «تۈرك يۇردۇ»( ھىجرىيە 1332 ـ يىل 12 ـ سان) ژورنىلى مەخسۇس مەرھۇم ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ روھىغا بېغىشلانغان ئىدى. بۇ ئالاھىدە ساندا ئەھمەت ئاغا ئوغلو ئۇ ھەقتە مۇنداق يازغان:

« ...ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ روھى، قەلبى ئۆلدىمۇ؟ ياق، ياق! ئۇ دائىما قەلبلەردە ھاياتتۇر! مەن ھازىر ئۇنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمەن. ئۇشبۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىۋاتىمەن. دۇنيادا تۈرك ۋە تۈرك مىللەتچىلىكى مەۋجۇت بولىدىكەن، ئىسمائىل ئەپەندىمۇ ھاياتتۇر. دېمەككى ئۇ مەڭگۈ ھايات!ئىسمائىل ئەپەندى ھازىرمۇ ھاياتتۇر. ئۇ يېتىشتۈرۈپ چىققان يۈزلەرچە شاگىرتلىرىنىڭ قەلبلىرىدە، تەربىيلىگەن مىڭلارچە روھلاردا ھاياتتۇر.»[185]

مەرھۇم ئىسمائىل ئەپەندى ئاتاپ پۈتكۈل رۇسىيەنىڭ تۈرك رايونلىرىدا خەتمە ـ قۇرئان ئوقۇلغان. يىغىلىشلار ئۆتكۈزۈلۈپ ئۇ ھەقتە سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈلگەن. تۈركىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتكە مۇختار پاشا باشچىلىق قىلغان. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە ئىستانبۇلدا ئاياسوفيا مەسجىدىدە مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ، «TÜRK YURDU» «TÜRK OCAĞI» «TÜRK BİRLİĞİ DERNEĞİ» ۋە «İSLAM MECMUASI» قاتارلىق ژورناللارنىڭ خىزمەتچىلىرى قاتناشقان مەۋلۇت كېچىسى ئۆتكۈزۈلگەن.[186] ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ روھى ھەر زامان بەختىياردۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ھاياتى ئەبەدىي ھاياتتۇر...

[184] - Ayaz ishaki: Büyük Dstal Ismail Bey: "ü"gazetesi, nu 40,1914, Kırımer: Aynı eser, s. 203.
[185] - Ahmet Agaoglu, Ismail Bey Gasprinski. Türk Yurdu Nu, 12,1330, Istanbul.
[186] - Kırımer: Aynı eser, s. 139.

## تۈرك مىللەتچىلىكىدە ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ تۇتقان ئورنى

قىرىم، ئىدىل ـ ئۇرال، تۈركىستان،تۈركىيە قاتارلىق تۈرك دۇنياسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەمەس قان ئاقتى. تۇراندا بىر «قوياش» ئۆچكەن ئىدى. قىپقالغىنى بولسا، ئۇ «قوياش»نىڭ نۇرى ئاستىدا قەلبلىرى، ئىدىيلىرى يورۇتۇلغان، ئۇ «قوياش»نى كۆڭۈللىرىدە مۇھاپىزەت قىلغان، ئۇ «قوياش»نىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە پارلاق نۇرلىرى ئاستىدا كۆزلىرى قاماشقان ، ھۆرمەت بىلەن باشلىرى ئەگىلگەن، ئويغانغان بۇ تۈرك دۇنياسى ئىدى.

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنىڭ ھاياتىنى پەقەت بىرلا جۈملە بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن بولسا: « ئۇ تۈرك بولۇپ تۇغۇلدى. تۈرك ئۈچۈن خىزمەت قىلدى ۋە قىلغان خىزمەتلىرىدىن سۆيۈنگەن ھالدا ئۆلدى» دېيىشكە بولىدۇ. ھاياتىنىڭ ھەقىقى مەناسىنى بىلىدىغان تۈرك مىللىتى، پۈتۈن ھاياتىنى «تۈرك مىللىتى» ئۈچۈن بېغىشلىغان بۇ سۆيۈملۈك ئوغلانىغا نىسبەتەن قەلبلىرىدە، تارىخىدا تېگىشلىك ئورۇن بېرىشنى ئەسلا ئۇنتۇپ قالمىغان. ئىسمائىل ئەپەندى تارىختا ئۇتۇقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ، ئەجرىنىڭ «مۇكاپاتى»نى ئېلىپ، خوشاللىق ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقانلاردىن بىرىدۇر. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

«مەن ئۇلۇغلاردىن ئەمەس، ئەمما بەختىيارمەن...مېنىڭ بەختىيارلىقىم، ئۆزۈم تولىمۇ سۆيىدىغان مىللىتىمگە ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا خىزمەت قىلالىغانلىقىم تۈپەيلىدىندۇر...مىللىتىمنىڭ توغرا سۆزنى تېزلا قوبۇل قىلالىغانلىقى ۋە ئۆز ھەركىتىگە ئايلاندۇرغانلىقى مېنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى.»

ئىسمائىل ئەپەندى تولىمۇ بەختىيار ئىدى... چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ مىللي كىملىكىنى ئۇنتۇشقا باشلىغان مىللىتىنىڭ يوقۇلىشقا، باشقىلارنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قېلىشىغا باشلىغانلىقىنى، غەپلەتتە قالغانلىقىنى ھەممىدىن ياخشى چۈشىنىپ يېتىپ، پۈتۈن ھاياتىنى تۈرك مىللىتىنى ئويغۇتۇشقا، قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئەسىرلەرنى يېزىشقا بېغىشلىدى...تۈرك مىللىتىنىڭ كۆنسېرى راۋاجلىنىپ ئويغۇنۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى...تۈركلەرنىڭ بىرلىشەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلارنىڭ سانلىرىنىڭ كۈنسېرى ئارتىۋاتقانلىقىغا شاھىت بولدى...[187]

مەرھۇم ئىسمائىل ئەپەندى كۆرەش ھاياتىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە تۈرك ـ ئىسلام دۇنياسىدا قىلغان ساياھەتلىرىدىن تولىمۇ سۆيۈنگەن ئىدى. يەنى پىشقەدەملەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا، قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەن ئىدى. ئۇنىڭ تۈرك دۇنياسىدا تۇتقان ئورنىنى بىلىش ئۈچۈن «تەرجىمان»نىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 25يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمنىڭ خاتىرىسىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

1908 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى «تەرجىمان» 25 ـ يىلىغا قەدەم قويغان ئىدى. ئۇ كۈنى ، «تەرجىمان» گېزىتىغا ئاتاپ ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىم بىر بايرام مەنزىرسىنى شەكىللەندۇرگەن ئىدى.[188] «تەرجىمان» ئىدارىسىگە مىڭلارچە تەبرىك تېلگېراممىلىرى كېلىپ، رۇسىيەدىكى تۈرك دىيارلىرىدىن ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىگە يامغۇر كەبى سوۋغا ـ سالاملار كەلگەن ئىدى. مۇراسىمدا يۈسۈپ

187 - Kırımer: Aynı eser (son sözde) s. 242
188 - Kırımer: Aynı eser, s. 128.

ئاقچۇرا ۋە بەزى سۆز قىلغۇچى ۋەكىللەر ئىسمائىل ئەپەندىدىن تولىمۇ پەخىرلىنىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشكەن ئىدى.

ئەۋەتىلگەن مىڭلارچە سوۋغاتلار ئىچىدە ئەڭ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولغىنى ئورىنبورىگلىق سىددىق ھەقبەر تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن سوۋغات بولۇپ، بۇ زات ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىگە بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈك بىلەن بىرگە ناھايىتى مەزمۇنلۇق مەكتۇپ ئەۋەتكەن ئىدى. سىددىق ھەقبەردىن ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ يۈكسەك ئىش ـ ئىزلىرىنى ئالتۇنغا ئوخشاتقانلىقىدىن بۇ ئۈزۈكنى ئالتۇندىن ياساتقانلىقىنى ئېيتقان ۋە سۆزلىرىنى مۇنداق داۋام قىلغان ئىدى:

«ئاق ئالتۇن ئوتتا ئەڭ تەستە ئېرىيدىغان ماددا بولغىنىدەك، غاسپىرالى ئىسمائىل مۇ پوبېدونىستوف، ئىلمىنسكي، ئوستروۋموف، ئالىكتىروف ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ قۇرغان تۇزاقلىرىدا،«جەھەننەم»لىرىدە ئېرىپ كەتمىدى، ئىرادىسىدىن بوششىپ قالمىدى. بۇ ئۇنىڭ ۋە ئەجداتلىرىنىڭ ئالتۇندەك مۇستەھكەم يارىتىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

...ئىنسانلار ئالتۇننىڭ قىممىتىنى تولىمۇ كېچىكىپ بىلدى. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ قەدرىمۇ بىر قانچە مىڭ ئۇسۇلى ـ جەدىد مەكتىۋىنىڭ قۇرۇلىشىدىن كېيىن ئاندىن ھىس قىلىندى، ھەمدە ئۇنىڭ مىللەت ئىچىدىكى رولى ھىس قىلىنىپ، ھەقىقەتەن بىر ئالتۇن ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىندى.»[189]

«تەرجىمان»نىڭ 50 ـ يىلىنى پۈتكۈل تۈرك دۇنياسى، غاسپىرالىسىز 25يىل ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا كۆچلۈك ھاياجان بىلەن تەبرىكلىدى. ئىستانبۇلدا، كونستانتىنادا،ۋارشاۋادا، بۇداپېشتتە، بېرلىندا تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى.[190] مىليۇنلارچە تۈرك، تۈرك مىللىتىنىڭ ئەبەدىي يولباشچىسى ئۇلۇغ غاسپىرالى ئىسمائىلنى چوڭقۇر مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن ياد ئېتىشتى.

بۇنىڭدىن 50يىل ئىلگىرى پۈتۈن ھاياتىنى تۈرك ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بېغىشلىغان، 35 يىللىق خىزمەت ھاياتىدا بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز كۆرەش قىلغان غاسپىرالى، پەقەت تۈرك دۇنياسىنىڭلا ئەمەس، بارلىق ئىسلام دۇنياسىنىڭ يېتىشتۈرگەن مۇنەۋۋەر شەخسلىرىدىن بىرىدۇر.[191] بۇ سەۋەپلەردىن شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى ئۇلۇغ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرمىغان بولسا، 1917 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاپتىن كېيىن ۋە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا، قىرىم، كاۋكاسىيە، ئىدىل ـ ئۇرال، تۈركىستان ۋە ئەزەربەيجان تۈركلىرىنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەركەتلىرىنىڭ باشلىنىدىغانلىقىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.[192] يەنە شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، تۈرك دۇنياسىدا، تۈرك داۋاسىنى غاسپىرالى ئىسمائىلغا ئوخشاش تەسىرى كۈچلۈك بولغان، مىللەت ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز باش قاتتۇرغان ۋە شۇنىڭدەك مىللىتىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئىدىيە ياراتقان، بۇ ئىدىيىلىرىنى تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق، ئۇستىلىق بىلەن تارقاتقان ئىككىنچى بىر شەخس يوقتۇر.[193]

پۈتۈن ئىرقداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ماختىنىشىغا سازاۋەر بولغان غاسپىرالى، ئۇلۇغ ئىش ـ ئىزلىرى ۋە تۆھپىلىرى سەۋەبىدىن شان ـ شۆھرىتى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا تارقالغان بىر پەيتتە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. بىر قانچە ئون مىليۇن نوپۇسقا ئىگە تۈرك ـ مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ مىللىي ۋە مەدەنىي جەھەتتىن قايتىدىن گۈللىنىش دەۋرىنى ياراتقان، ھەمدە ئۆز ئىش ـ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق

---

[189] - Kırımer: Aynı eser, s. 128.

[190] - Kırımer: Aynı eser, s. 224.

[191] - Kırımer: Tercüman gazetesinin 50. senesi münasebetiyle. Azerbaycan Yurt Bilgisi, s. 156, cilt 2,1933

[192] - Dr. Edige Kmmh: Ismail Bey Gaspıralı, Dergi, sayı 62, s. 63, Mi.inih 1970.

[193] - Kırımer: Terci.iman Gazetesi'nin 50. senesi mi.inasebetiyle A.Y.S.B. s. 159.

ئۆلگە تىكلەپ بەرگەن بۇ ئۇلۇغ شەخس، جەفەر سەيىد ئەھمەد قىرىمىنىڭمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىدەك، ئۆزىنى ھېچقاچان ئۇلۇغ بىر ئىنسان ئەمەس، پەقەتلا بىر ئاددىي ئىنسان ھىساپلىغان، «بەختىلىك ئىسمائىل» دەپ ئاتىغان. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ تارىختا ئۇلۇغ ئىنسانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان، شۇنداقلا پۈتۈن تۈرك ۋە مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى خەلقلەرنىڭ قەلبىلىرىدە ئەبەدىي ھاياتتۇر.[194]

ئۇنىڭ ئىدىيلىرىگە، ئىش ـ ئىزلىرىغا كۆز يۇمۇۋېلىپ رەت قىلىش، ھەتتا تىل تەككۈزۈش ھازىر قەتئىي مۇمكىن بولىدىغان ئىش ئەمەس... چۈنكى ئۇلار مىللەتنىڭ قېنىغا، روھىغا، ھاياتىغا سىڭىپ كەتكەن. تۈرك ـ تاتار مىللىتى بۈگۈنكى كۈندە بۇلار بىلەن نەپەس ئېلىپ، بۇلار بىلەن روھلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە.[195] ئۇ چىن ئىخلاسى ۋە ئۆتكۈر ئەقىل پاراستى بىلەن ئېلىپ بارغان دەۋىتى ئارقىلىق پۈتۈن تۈرك مىللىتىنى ئويغاتتى، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىنى تونۇۋېلىشىغا تۈرتكە بولىدى ۋە بىرلىك يولىغا باشلىدى. چوڭقۇر ئېپتىخارلىق ئىچىدە ھەممىمىز ئۇنىڭغا قەرىزدارمىز.[196] ئۇنىڭ تۈرك مىللەتچىلىكى، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ئەبەدىي ياشايدۇ. بىز تۈركلەر تىلدا، ئىدىيىدە، ئىشتا بىرلەشكەن ۋاقتىمىزدا ، بۈيۈك ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ روھى نەقەدەر خۇشال بولار ـ ھە!»[197]

...كەلگۈسىدىكى تۈرك نەسىللىرىنى ئۆزىگە چاقىرىدىغان مۇبارەك بىر زات باركى، قىرىم تۇپراقلىرىدا تۈرك دۇنياسىنىڭ ئاياق تىۋىشلىرىنى تىڭشاپ ياتىدۇ. پۈتۈن ئۆمرىدە تۈرك مىللىتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان، ئەمدىلىكتە قىرىمدا ھەر قانداق بىر ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ سۆيۈملۈك بولغان تۇپراقلىرىمىزدا ياتقان مىللىي قەھرىمانىمىز ئۈچۈن، كەلگۈسىدە نامراتتىن بايغا، ئاجىزدىن كۈچلۈككە ، قەدىرسىزلىكتىن ئەتىۋارلىققا ئايلىنىدىغان تۈرك نەسىللىرى، تۈرك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەيۋەتلىك تۈرك سەپلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، يېڭى تاجماھال بەرپا قىلىدۇ.[198]

چار روسىيە غاسپىرالىنى تىز پۈكتۈرەلمىگەن ئىدى. بولشېۋىزىم توپانلىرىمۇ تۈرك مىللىتىنىڭ قەلبىدە ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن بۈيۈك ھۆرمەت ۋە مىننەت ئىزىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىيالمىدى. كەلگۈسىدىكى نەسىللەر ھەر ھالدا پۈتۈن تۈرك قەبىللىرىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن، مۇقەددەس مىللىي كۈرەش يولىدا ھېچقاچان توسالغۇلارغا باش ئەگمىگەن، باشقىلارغا سېتىلىپ كەتمىگەن، ئىرادىسىدىن ۋاز كەچمىگەن غاسپىرالىغا مۇناسىپ سەھىپىلەرنى ئاچىدۇ ۋە ھەيكەللەرنى تىكلەيدۇ.[199]

ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى، يېتىشتۈرۈپ چىققان شاگىرتلىرى ۋە ئىدىيىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ياش نەسىللەر بىلەن بىرگە، «تۈرك غايىسى قوشۇنى» تەشكىللىدى. كەلگۈسىدە بۇ قوشۇن، پۈتۈن تۈرك دۇنياسىغا كېڭىيدۇ ۋە ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندىنى:« تۇران ئەركىنلىك قۇياشى» نامى بىلەن «تۈرك بىرلىكى ۋە جاھان ھاكىمىيتى غايىسى تارىخى»نىڭ بېشىغا، شەرەپ بىلەن، ئېپتىخارلانغان ھالدا قانلىرى بىلەن يېزىپ چىقىدۇ.

پۈتۈن ھاياتىنى تۈرك مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىقى، ھۆرلىكى، راۋاجلىنىشى ئۈچۈن سەرىپ قىلغان ئىسمائىل ئەپەندى، تۈرك خەلقىنىڭ ئەبەدىي تەشەككۈرىگە لايىقتۇر.[200]

---

[194] - Dr. Edige Kmmal: Ismail Bey Gaspıralı s. 64, Dergi 62, 1970 Mi.inih.

[195] - Hasan Sabri Ayvaz: Yaayan Oli.ilerden Ismail Bey Gasprinski. Terci.iman, Nu. 196,1916 Bah<;esaray, Kırımer: Aynı eser, s. 197

[196] - Dr. Saffet Engin Cann: TürkKi.ilti.iri.i nedir ve ne degildir, s. 256.

[197] - Omer Seyfettin: Büyük Türklügü Pan;:alayan Kimlerdir? Hayat Tarih Mecmuas1, sayı: 3, s.21, Nisan 1967, istanbul.

[198] - Nasrullah Suphi Tannüver: ben onu g6rdüm. Türk Yurdu sayı 12,1330.

[199] - Kırımer: Tercüman Gazetesi'nin 50. seneligi münasebetiyle Azerbaycan Yurt Bil- gisi s. 160, cilt 2,1933.

[200] - Prof. Dr. Fuat Ki:iprülüzade: ismail Bey Gasprinski. Azerbaycan Yurt Bilgisi cilt 2, s. 154, 1933.

**ئالدىڭدا ھۆرمەت بىلەن ئىگىلىمىز ئۇلۇغ ئىسمائىل غاسپىرالى ئەپەندى.**

**بىزدىن سېنىڭ پاك روھىڭغا دۇئالار، سانالار بولسۇن...**

**ئۇنتۇلماس ئىش ـ ئىزلىرىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن رەھمەتلەر تىلەيمىز...**

**1971 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى**